⑦ **مۇھىم نۇقتا:** «لَمْ» ۋە «لَمَّا» فِعْل مُضَارِعنى مَاضِي مَنْفِيّغا ئايلاندۇرۇش نۇقتىسىدا بىر-بىرىگە ئوخشايدۇ: «لَمْ»دە زاماندا سوزۇلۇش يوق، ئەمما «لَمَّا»دا تَكَلُّم زامانىغىچە ئىنكارنىڭ سوزۇلىشى شەرتتۇر. يەنە بىرى، «لَمَّا»دا ئۆزىدىن كېيىنكىگە ئۈمىد، ئۆزىدىن ئىلگىرىكىگە داۋام بار.



ولام الأمر① نحو ليضرب زيد. ولاء النهى② نحو لا تضرب زيدا. **النوع السابع**③ أسماء تجزم الفعل المضارع على معنى إنْ، وهي تسعة أسماء. **من** نحو من يكرمنى اكرمه اى ان يكرمنى زيد اكرمه. **ومتى** نحو متى تخرج اخرج اى ان تخرج غدا اخرج غدا. **وما** نحو ما تصنع اصنع اى ان تصنع هذا اصنع هذا. **وحيثما** نحوحيثما تقعد اقعد اى ان تقعد فى البيت اقعد فى البيت. **ومهما** نحو مهما تذهب اذهب اى ان تذهب غدا اذهب غدا. **وأينما** نحو أينما تجلس اجلس اى ان تجلس فى البيت اجلس فى البيت. **وانى** نحو انى تكن اكن اى ان تكن فى البلد اكن فى البلد. **واى** نحو ايهم يشتمنى اشتمه اى ان يشتمنى زيد اشتمه. **واذما** نحو اذما تفعل افعل اى ان تفعل الخياطة افعل الخياطة④. **النوع**

---

① **لَامُ الْاَمر** ـــ فَاعِل غائب، فَاعِل مُتَكَلِّم، مَفْعُوْل غائب، مَفْعُوْل مخاطب، مَفْعُوْل متكلم قاتارلىقلاردىن بىر ئىشنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن كېلىپ فِعْل مُضَارِعنى سۇكۇن قىلىدىغان قوشۇمچىدۇر. مەسىلەن: لِيَضْرِبْ، لِاَضْرِبْ، لِنَضْرِبْ، لِيُضْرَبْ، لِتُضْرَبْ، لِأُضْرَبْ، لِنُضْرَبْ.

② **لَاءُ النهْيِ** ـــ فَاعِل غائب، فَاعِل مخاطب، فَاعِل متكلم قاتارلىقلارنى بىر ئىشنى قىلىشتىن توسۇش قوشۇمچىسىدۇر. مەسىلەن: لَا يَضْرِبْ، لَا تَضْرِبْ، لَا أَضْرِبْ، لَا نَضْرِبْ.

③ **يەتتىنچى قىسىم** شَرْط ۋە جَزَاء قوشۇمچىسى: فِعْل مُضَارِعنى «إِنْ» مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا جَزْملىك قىلىدىغان إِسْملاردۇر. بۇلار توققۇز: مَنْ، مَتٰى، مَا، حَيْثُمَا، مَهْمَا، أَيْنَمَا، أَنّٰى، أَيٌّ، إِذْمَا. بۇنىڭ مىسـ ـاللىرىنى تېكىستتىن كۆرۈۋېلىڭ.

④ **مۇھىم نۇقتا:** 1) مَنْ ۋە إِضَافَەلىك أَيٌّ ـــ ئەقىل ئىگىلىرىگە، مَتٰى، مَهْمَا ـــ زامان (ۋاقىت) ئۈچۈن، حَيْثُمَا، أَيْنَمَا، أَنّٰى ـــ ماكان

**الثـامن** أسماء تنصب أسماء النكراتِ على التمييز، وهـي اربعـة أسماء①. الاول **عَشَرٌ** اذا ركّب مع اَحد الى تسعة وتسعين نحو احد عشر رجلا واحدى عشرة امرأة الى تسعة وتسعين رجلا وتسع وتسعين امرأة. والثانى **كم** الإستفهاميّة② نحو كم رجلا عندك. والثالث

---

(جاي) ئۈچۈن، مَـا ـــ كۆپـىنچە ئەقىلسىزلارغا، إِذْمَـا ـــ ئەقىلـسىزلارغىلا ئىشلىتىلىدىغان قوشۇمچىدۇر. 2) بۇ إِسْملار ئىككى فِعْلغا داخىل بولىدۇ. بىرىنچى فِعْل ئىككىنچى فِعْلغا سەۋەب بولـۇپ كېلىدۇ. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى شرط، ئىككىنچىسى جزاء دەپ ئـاتىلىدۇ. 3) شرط ۋە جزاءنىڭ ماضى ۋە مُضَـارِع بولۇشـىغا قارىتا جـزم بولـۇش، بولماسـلىق ھەرخىل بولىدۇ. بۇنى چوڭ كىتابلاردا ئوقۇيمىز.

① سەككىزىنچى قىسىم أَسْمَاء ناصبة (تَمْيِيـز عَـامِلى): ئېنىقسىز إِسْملارنى تَمْيِيْزغا بىنائەن نَصْب قىلىدىغان إِسْم عَامِلدۇر. ئۇلار تۆت: 1) عَشَرَ، عِشْرُوْنَ، ثَلَاثُوْنَ، أَرْبَعُوْنَ، خَمْسُوْنَ، سِتُّوْنَ، سَبْعُوْنَ، ثَمَانُوْنَ، تِسْـعُوْنَ قاتارلىقلار أَحَدٌ، إِثْنَان، ثَلَاثٌ، أَرْبَعٌ، خَمْسٌ، سِتٌّ، سَبْعٌ، ثَمَانٌ، تِسْعٌلارنىـڭ بىرى بىلەن بىرىككەن سانلار. مەسلەن: أَحَدَ عَشَرَ رَجلًا... 2) كَمْ. 3) كَأَيٍّ. 4) كَذَا.

دىققەت: عِشْرُوْنَ، ثَلَاثُوْنَ، أَرْبَعُوْنَ، خَمْسُوْنَ، سِتُّوْنَ، سَبْعُوْنَ، ثَمَـانُوْنَ، تِسْعُوْنَ قاتارلىقلار يەككە ھالەتتىمۇ تَمْيِيْز عَامِلى بولالايدۇ.

② كَمْ ـــ مۇئەييەن ئەمەس ساننى سوراش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان إِسْم عَامِلدۇر. مەسلەن: كَمْ قَلَمًا عِنْدَكَ (يېنىڭدا قانچە قەلەم بار؟). ئاگاھ بولۇڭكى، كَمْدە سوئال مەنىسى تېپىلسا كَمْ إِسْتِفْهَامِيَّة، سوئال مەنىسى تېپىلمىسا كَـمْ خَبَرِيَّـة بولىدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتىنىمۇ چوڭ كىتابلاردا ئوقۇيمىز.



**كـأي**① نحو كأي رجلا عندك. والرابع **كـذا**② نحو عندى كذا درهما. **النوع التاسع**③ كلمات تسمى أسماء الأفعال، بعضها ترفع وبعضها تنصب، وهي تسعة كلمات، والناصبة منها ستة. **رويد**④ وهو اسم لأمهل نحو رويد زيدا اى امهل زيدا⑤. **وبله**⑥

---

① كَأَيٍّ ـــ كاف تشبيه ۋە أيّدىـن بىرىككـەن بولـۇپ، بـۇ مۇئەييـەن ئەمەس ساننى بىلدۈرىدۇ. لېكـىن، بـۇ يـەردە تَـرْكِيْبِيّ مەنـە مەقسـەت ئەمەس. مەسلەن: كَأَيٍّ رَجلًا لَقِيْـتُ (مـەن نـەچچىلا ئادەمگـە ئۇچـراشتىم). ئاگاھ بولۇڭكى، بـەزىدە كَـأَيٍّدە سوئال مەنىسـىمۇ تېپىلىدۇ. مەسلەن: كَأَيٍّ رَجلًا عِنْدَكَ (يېنىڭدا نەچچە ئادەم بار؟).

② كَذَا ـــ كاف تشبيه ۋە إِسْم إشارة ـــ ذادىـن بىرىككـەن بولـۇپ، بۇنىڭدىن مۇئەييەن ئەمەس سان مەقسەتتۇر. مەسلەن: عِـنْدِىْ كَـذَا رَجلًا (مېنىڭ قېشىمدا مۇنچىلىك ئادەم بار).

③ توققۇزىنچى قىسىم إِسْم فِعْل: ئۆزى إِسْم تـۇرۇپ فِعْلنىـڭ مەنىـسىنى بىلدۈرگەچكە شۇنداق ئاتالغان. بـۇ توققـۇزدۇر: رُوَيْدَ، بَلْهَ، دُوْنَكَ، عَلَيْكَ، هَا، حَيَّهَلْ قاتارلىق ئالتىسى أَمْر حاضر مەنىسىنى بىلدۈرۈپ، إِسْمنى نَصْب قىلىدۇ. هَيْهَاتَ، سَرْعَانَ، شَتَّانَ قاتارلىق ئۈچى فِعْل ماضىنىـڭ مەنىـسىنى بىلدۈرۈپ، إِسْمنى رَفْع قىلىدۇ.

④ رُوَيْدَ ـــ أَمْهِلْنىڭ رولىدا كېلىپ، إِسْمنى نَصْب قىلىدۇ. مەسـلەن: رُوَيْدَ زَيْدًا ← أَمْهِلْ زَيْدًا (زَيْدكە مۆھلەت بەرگىن).

⑤ مۇھىم نۇقتا: رُوَيْدَ ھەردائىم جۈملىنىڭ باش تەرىپىدە كېلىدۇ.

⑥ بَلْهَ ـــ دَعْنىڭ رولىدا كېلىپ، إِسْمنـى نَصْب قىلىدۇ. مەسلەن: بَلْهَ زَيْدًا ← دَعْ زَيْدًا (زَيْدنى تەرك ئەتكىن).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



وهو اسم لدع نحو بله زيدا اى دع زيدا. **ودونك**① وهو اسم لخذ نحو دونك زيدا اى خذ زيدا. **وعليك**② وهو اسم لإلزم نحو عليك زيدا اى إلزم زيدا. **وها**③ وهو اسم لخذ نحو ها زيدا اى خذ زيدا④. **وحيهل**⑤ وهو اسم لإيت نحو حيهل الصلوة اى ايت الصلوة. والرافعة منها ثلثة، احدها **هيهات**⑥ وهو اسم لبعد نحو هيهات زيد اى بعد زيد. وثانيها **سرعان**⑦ وهو اسم لسرُع نحو سرعان زيد اى سرُع زيد. وثالثها **شتان**⑧ وهو اسم لإفترق نحو شتان زيد

---

① دُوْنَكَ ــــ خُذْنىڭ رولىدا كېلىپ، إِسْمنى نَصْب قىلىدۇ. مەسىلەن: دُوْنَكَ زَيْدًا ← خُذْ زَيْدًا (زَيْدنى تۇتقىن).

② عَلَيْكَ ــــ إِلْزَمْنىڭ رولىدا كېلىپ، إِسْمنى نَصْب قىلىدۇ. مەسىلەن: عَلَيْكَ زَيْدًا ← إِلْزَمْ زَيْدًا (زَيْدنى لازىم تۇتقىن).

③ هَا ــــ خُذْنىڭ رولىدا كېلىپ، إِسْمنى نَصْب قىلىدۇ. مەسىلەن: هَا زَيْدًا ← خُذْ زَيْدًا (زَيْدنى تۇتقىن).

④ مۇھىم نۇقتا: هَا ئۈچ خىل كېلىدۇ: هَا، هَاءِ، هَاءَ.

⑤ حَيَّهَلْ ــــ إِيْتِنىڭ رولىدا كېلىپ، إِسْمنى نَصْب قىلىدۇ. مەسىلەن: حَيَّهَلِ الصَّلٰوةَ ← إِيْتِ الصَّلٰوةَ (نامازغا كەلگىن).

⑥ هَيْهَاتَ ــــ بَعُدَنىڭ رولىدا كېلىپ، إِسْمنى رَفْع قىلىدۇ. مەسىلەن: هَيْهَاتَ زَيْدٌ ← بَعُدَ زَيْدٌ (زَيْد يىراق بولدى).

⑦ سَرْعَانَ ــــ سَرُعَنىڭ رولىدا كېلىپ، إِسْمنى رَفْع قىلىدۇ. مەسىلەن: سَرْعَانَ زَيْدٌ ← سَرُعَ زَيْدٌ (زَيْد ئالدىرىدى).

⑧ شَتَّانَ ــــ إِفْتَرَقَنىڭ رولىدا كېلىپ، إِسْمنى رَفْع قىلىدۇ. مەسىلەن: شَتَّانَ زَيْدٌ وبَكْرٌ ← إِفْتَرَقَ زَيْدٌ وبَكْرٌ (زَيْد ۋە بَكْر ئايرىلدى).



وعمرو اى إفترق زيد وعمرو①. **النوع العاشر**② **الأفعال الناقصة** ترفع الإسم وتنصب الخبر، وهي ثلثة عشر فعلا. احدها **كان**③ نحو

---

① مۇھىم نۇقتا: 1) إِسْم فِعْل بۇلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. مەسىلەن: مَهْ ← أُكْفُفْ (توسقىن). آمين ← إِسْتَجِبْ (ھاجەتنى راۋا قىل). إِلَيْكَ ← تَنَحَّ (نېرى بول). صَهْ ← أُسْكُتْ (شۈك تۇر). أَوَّهْ ← أَتَوَجَّعُ (ۋايـجان). وَيْ ← أَعْجَبُ (ئوھۇي) مەنىسىدە. 2) إِسْم فِعْل ــــ فِعْل لَازِمنىڭ ئورنىنى باسقان بولسا، (ضَمِيْرنى) رَفْعلا قىلىدۇ. ئەگەر فِعْل مُتَعَدِّينىڭ ئورنىنى باسقان بولسا، رَفْع ۋە نَصْب قىلىدۇ. مەسىلەن: دَرَاكِ زَيْدًا ← أَدْرِكْهُ. 3) إِسْم فِعْلنىڭ مَعْمُوْلى إِسْم فِعْلدىن ئىلگىرى كېلىش دۇرۇس ئەمەس. 4) إِسْم فِعْلنىڭ تەنۋىن ئوقۇلغىنى نكرەگە، تەنۋىنسىز ئوقۇلغىنى مَعْرِفَەگە دالالەت قىلىدۇ.

② ئونىنچى قىسىم أَفْعَال نَاقِصَة: بۇ إِسْمنى رَفْع ۋە خَبَرنى نَصْب قىلىدۇ. أَفْعَال نَاقِصَة (يېرىم فِعْل) دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى: 1) قالغان فِعْللار حُدُوْث ۋە زامان ئىككىسىگە دالالەت قىلسا، بۇ فِعْل خاس زامانغىلا دالالەت قىلىدۇ. 2) أَفْعَال نَاقِصَة ئۆزىنىڭ مَرْفُوْعى بىلەن تامام بولماستىن، بەلكى مَنْصُوْبىغا مۇھتاج بولىدۇ. 3) جُمْلَة إِسْمِيَّەدىلا ئەمەل قىلىدۇ. بۇ ئون ئۈچ فِعْلدۇر: كَانَ، صَارَ، أَصْبَحَ، أَضْحٰى، أَمْسٰى، ظَلَّ، بَاتَ، مَازَالَ، مَابَرِحَ، مَاإِنْفَكَّ، مَافَتِئَ، مَادَامَ، لَيْسَ.

③ كَانَ ــــ ئىككى خىل: بىرى، زَائِدَة. يەنە بىرى، غَيْر زَائِدَة. كَان زَائِدَة ئەمەل قىلمايدۇ. مەسىلەن: إِنَّ مِنْ أَفْضَلِهِمْ كَانَ زَيْدًا (زَيْد ھەقىقەتەن ئۇلاردىن ئەۋزەلراقتۇر).

كان غير زَائِدَة ئىككى خىل: بىرى، كَانَ نَاقِصَة. يەنە بىرى، كَانَ تَامَّة.

كَانَ نَاقِصَة ئىككى خىل مەنىدە كېلىدۇ: بىرى، «كان»نىڭ خَبَرى ئۇنىڭ إِسْمىغا ئۆتكەن زاماندا مۇقىملاشقان بولىدۇ. مەيلى ئۇ ئۇزۇك

**﴿ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمًا ﴾. وقد يكون تامّة بمعنى وقع ووجد نحو كان زيد اى وقع زيد. وزائدة نحو قوله تعالى ﴿ كَيْفَ نُكَلِّمُ مَن كَانَ فِي ٱلْمَهْدِ صَبِيًّا ﴾. وبمعنى صار نحو كان زيد غنيا اى صار زيد غنيا. ويكون فيها ضمير الشأن نحو كان زيد قائم①. وصار② للإنتقال نحو صار الفقير غنيا وصار الطين خزفا، ولا يقال صار الله**

---

بولسۇن. مەسىلەن: كَانَ زَيْدٌ قَائِمًا (زَيْد ئۆرە ئىدى). مەيلى ئۇ دائىمىي بولسۇن. مەسىلەن: ﴿وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمًا﴾. (الله ھەردائىم بىلگۈچى، ھەردائىم ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى ئىدى). ئاگاھ بولۇڭكى، ئۇزۇك ياكى دائىمىي ئىكەنلىكى جۈملىنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ ئايرىلىدۇ. يەنە بىرى، كَانَ نَاقِصَة ـــ صَارَ (ھالەت ئالمىشىش) مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: كَانَ الْفَقِيْرُ غَنِيًّا ⟵ صَارَ الفقيرُ غَنِيًّا (كەمبەغەل باي بولدى).

كان تَامَّة ـــ فَاعِل بىلەنلا جۈملىنى پۈتتۈرۈپ، خَبَرگە مۇھتاج بولـمايدۇ. شۇڭا ئۇ فِعْل نَاقِص بولماستىن، بەلكى پۈتۈن فِعْل ھېسابلىنىدۇ. بۇ چاغدا كان ـــ ثَبَتَ مەنىسىدە بولىدۇ. مەسىلەن: كان زَيْدٌ ⟵ ثَبَتَ زَيْدٌ (زَيْد مەۋجۇد بولدى).

① مۇھىم نۇقتا: «إِنْ» ۋە «لَوْ»دىن كېيىن، «كان»نى إِسْمىسى بىلەن قوشۇپ حَذْف قىلىپ، خَبَرنىلا قالدۇرىدىغان ئىش ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن: اَلنَّاسُ مَجْزِيُّوْنَ بِاَعْمَالِهِمْ إِنْ خَيْرًا فَخَيْرٌ، يەنى إِنْ كَانَ عَمَلُهُ خَيْرًا فَجَزَاءُهُ خَيْرٌ؛ إِئْتِنِيْ بِدَابَّةٍ وَلَوْ حِمَارًا، يەنى وَلَوْ كَانَ الْمَأْتِيُّ بِهِ حِمَارًا.

② صَارَ ـــ إِسْمىنى بىر ماھىيەتتىن يەنە بىر ماھىيەتكە ئۆزگەرتىدۇ. مەسىلەن: صَارَ الطِّيْنُ خَزَفًا (لاي ساپال قاچا بولدى). يەنە بىرى، إِسْمىنىڭ مەلۇم بىر سۈپىتىنى يەنە بىر سۈپەتكە ئۆزگەرتىدۇ. مەسىلەن: صَارَ زَيْدٌ غَنِيًّا (زَيْد باي بولدى).



**عليما حكيما①. واصبح② لإقتران مضمون الجملة بالصبح نحو اصبح زيد عالما، وبمعنى صار③ نحو اصبح المريض صحيحا، وبمعنى الدخول فى الصبح نحو اصبح زيد اى دخل زيد فى الصبح. واضحى لإقتران مضمون الجملة بالضحى نحو اضحى زيد كريما، وبمعنى صار نحو اضحى الامير اسيرا، وبمعنى الدخول فى الضحى نحو اضحى زيد اى دخل زيد فى الضحى. وامسى لإقتران مضمون الجملة بالمساء نحو امسى زيد عالما، وبمعنى صار نحو امسى الذليل عزيزا، وبمعنى الدخول فى المساء نحو امسى زيد اى دخل زيد فى**

---

① مۇھىم نۇقتا: 1) «صَارَ اللهُ عَلِيْمًا حَكِيْمًا» دېيىش دۇرۇس بولمايدۇ. 2) «صَارَ» بەزىدە تَامَّةمۇ بولىدۇ. يەنى، بىر جايدىن يەنە بىر جايغا يۆتكىلىش مەنىسىدە كېلىدۇ. بۇ چاغدا «إلى» بىلەن مُـتَعَدِّي بولىدۇ. مەسىلەن: صَارَ زَيْدٌ مِنْ بَلَدٍ إلى بلدٍ (زَيْد بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە كەتتى).

② أَصْبَحَ، أَضْحٰى، أَمْسٰى ـــ جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى شۇ ۋاقىتـلارغا، يەنى سۈبھى، چاشگاھ ۋە كەچكە بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن كېـلىدۇ. مەسىلەن: أَصْبَحَ زَيْدٌ غَنِيًّا (زَيْد سۈبھى ۋاقتىدا باي بولدى)؛ أَضْحٰى زَيْدٌ حَاكِمًا (زَيْد چاشگاھ ۋاقتىدا ھاكىم بولدى)؛ أَمْسٰى زَيْدٌ قَارِئًا (زَيْد كەچتە ئوقۇغۇچى بولدى).

③ مۇھىم نۇقتا: 1) بەزىدە بۇ ئۈچى صَارَ مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن: أَصْبَحَ الْفَقِيْرُ غَنِيًّا (كەمبەغەل باي بولدى)؛ أَضْحَى الْمُظْلِمُ مُنِيْرًا (قاراڭغۇ يورۇق بولدى)؛ أَمْسٰى زَيْدٌ كَاتِبًا (زَيْد كاتىب بولدى). 2) بەزىدە بۇ ئۈچى تَامَّة بولىدۇ. مەسىلەن: أَصْبَحَ زَيْدٌ ⟵ دَخَلَ زَيْدٌ فى الصُّبْحِ؛ أَضْحٰى بَكْرٌ ⟵ دَخَلَ بَكْرٌ فى الضُّحٰى؛ أمسٰى عَمْرٌو ⟵ دَخَلَ عَمْرٌو فِى الْمَسَاءِ.

www.uyghurkitap.com



المساء. **وظل**① لإقتران مضمون الجملة بالنهار نحو ظل زيد قائما، وبمعنى صار② نحو ظل الصبى بالغا. **وبات** لإقتران مضمون الجملة بالليل نحو بات زيد عابدا، وبمعنى صار نحو بات الحزين فَرِحًا. **ومازال ومابرح ومافتئ ومانفك**③ لإستمرار أخبارها لأسمائها نحو مازال زيد كريما ومابرح زيد جوادا ومافتئ زيد رحيما ومانفك زيد عالما④. **ومادام** ⑤ لتوقيت امرٍ بمدة ثبوت خبرها لإسمها نحو

---

① ظَلَّ، بَاتَ — جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى شۇ ۋاقىتلارغا، يەنى كۈندۈزگە ۋە كېچىگە بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: ظَلَّ زَيْدٌ كَاتِبًا (زَيْد كۈندۈزى يازغۇچى بولدى)؛ بَاتَ زَيْدٌ نَائِمًا (زَيْد كېچىدە ئۇخلىغۇچى بولدى).

② مۇھىم نۇقتا: بەزىدە بۇ ئىككى فِعْل — صَارَ مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن: ظَلَّ الصَّبِيُّ بَالِغًا (بالا يېتىلدى)؛ بَاتَ الحَزِيْنُ فَرِحًا (غەمكىن ئادەم خۇشال بولدى)؛ بَاتَ الشَّابُّ شَيْخًا (يىگىت قېرىدى).

③ مَازَالَ، مَابَرِحَ، مَاإِنْفَكَّ، مَافَتِئَ — بۇلارنىڭ ھەربىرى خَبَرىنىڭ إِسْمىسىغا مۇقىملاشقانلىقىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: مَازَالَ زَيْدٌ عَالِمًا (زَيْد دائىم ئالىم)؛ مَابَرِحَ زَيْدٌ صَائِمًا (زَيْد دائىم روزىدار)؛ مَاإِنْفَكَّ عَمْرٌو فَاضِلًا (عَمْرو دائىم پەزىلەتلىك)؛ مَافَتِئَ بَكْرٌ عَاقِلًا (بَكْر دائىم ئەقىللىق).

④ مۇھىم نۇقتا: 1) أَفْعَال نَاقِصَة ئىككى خىل: بىرى، شەرتسىز ئەمەل قىلىدىغىنى. يەنە بىرى، شەرتلىك ئەمەل قىلىدىغىنى. مەزكۇر تۆتى شەرتلىك ئەمەل قىلىدىغىنى بولۇپ، ئالدى تەرەپكە حَرْف نَفْي «مَا» كېلىش زۆرۈردۇر. 2) مَافَتِئَ — مَاأَفْتَا دەپمۇ كېلىدۇ.

⑤ مَادَامَ — خَبَرى إِسْمىسىغا مۇقىملاشقان مۇددەت بويىچە مەلۇم بىر ئىشنىڭ ۋاقتىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن كېلىدۇ. شۇڭا، مَادَامَدىن ئىلگىرى جُمْلَة فِعْلِيَّة ياكى جُمْلَة إِسْمِيَّة بولۇش زۆرۈردۇر. مەسىلەن: إِجْلِسْ مَادَامَ زَيْدٌ



اجلس مادام زيد جالسا اى اجلس مدة جلوس زيد①. **وليس**② لنفى مضمون الجملة فى الحال نحو ليس زيد قائما. وما يتصرّف من هذه الأفعال③ حكمُه حكمُ هذه الأفعال وعملُه كعملها. **النوع الحادى عشر**④ أفعال المقاربة ترفع الإسم وتنصب الخبر، وهى

---

جَالِسًا (زَيْد قانچىلىك ۋاقىت ئولتۇرغان بولسا، سەنمۇ شۇنچىلىك ۋاقىت ئولتۇرغىن)؛ زَيْدٌ قَائِمٌ مَادَامَ عَمْرٌو قَائِمًا (عَمْرو قانچىلىك ۋاقىت تۇرغان بولسا، زَيْدمۇ شۇنچىلىك ۋاقىت تۇرغۇچىدۇر).

① مۇھىم نۇقتا: 1) مَادَامَنىڭ خَبَرى دَامَنىڭ ئۆزىگە مُقَدَّم بولسا دۇرۇس. مەسىلەن: لَا أَصْحَبُكَ مَا قَائِمًا دَامَ زَيْدٌ — دېيىش دۇرۇس، لَا أَصْحَبُكَ قَائِمًا مَادَامَ زَيْدٌ — دېيىش دۇرۇس ئەمەس. 2) دَامَ — فِعْل نَاقِص بولۇش ئۈچۈن، ئالدى تەرەپتە مَا الْمَصْدَرِية الظَّرْفِيَّة كېلىش شەرتتۇر. مەسىلەن: أَعْطِ مَا دُمْتَ مُصِيْبًا دِرْهَمًا، يەنى أَعْطِ مُدَّةَ دَوَامِكَ مُصِيْبًا دِرْهَمًا.

② لَيْسَ — جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى دەرھال يوققا چىقىرىدۇ. مەسىلەن: لَيْسَ زَيْدٌ قَائِمًا (زَيْد ھازىر ئۆرە ئەمەس).

③ مۇھىم نۇقتا: 1) أَفْعَال نَاقِصَەنىڭ خَبَرى إِسْمىسىغا مُقَدَّم بولۇش دۇرۇس. مەسىلەن: كَانَ قَائِمًا زَيْدٌ. 2) أَفْعَال نَاقِصَەنىڭ خَبَرى عَامِلىنىڭ ئۆزىگىمۇ مُقَدَّم بولالايدۇ. مەسىلەن: قَائِمًا كَانَ زَيْدٌ. ئەمما، لَيْسَ ۋە ئالدى تەرەپتە «مَا» بار جۈملىلەردە مۇنداق بولۇش دۇرۇس ئەمەس. 3) أَفْعَال نَاقِصَەنىڭ إِسْمىسى عَامِللارغا مُقَدَّم بولالمايدۇ. مەسىلەن: زَيْدٌ كَانَ قَائِمًا. 4) أَفْعَال نَاقِصَەنىڭ قالغان صِيْغَەلىرى، مەسىلەن: يَكُوْنُ، يَصِيْرُ، كَائِنٌ ۋە لَمْ يَكُنْ.... قاتارلىقلارمۇ ھۆكۈم (مەنە) ۋە ئەمەلدە مەزكۇر فِعْل ماضىلارغا ئوخشايدۇ.

④ ئون بىرىنچى قىسىم أَفْعَال مُقَارَبَة: أَفْعَال مُقَارَبَة — خَبَرى إِسْمىسىغا يېقىن ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان فِعْل بولۇپ، بۇ تۆتتۇر: عَسٰى، كَادَ، كَرَبَ، أَوْشَكَ.

**اربعة أفعال. عسى**① وهو لرجاء دنوّ الخبر لاسمها، وخبره الفعل المضارع مع ان نحو عسى زيد ان يخرج اى قارب زيد الخروجَ. واذا جعل المضارع مع ان اسمَها لا يحتاج الى الخبر نحو عسى ان يخرج زيد اى قرُب خروج زيد②. **وكاد** وهى لدنوّ الخبر وخبره

---

① عَسٰى ـــ خَبَرىنىڭ إِسْمىغا يېقىن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىش ئۈچۈن كېلىپ، ئىككى خىل ئەمەل قىلىدۇ: 1) إِسْمىنى رَفْع ۋە خَبَرىنى نَصْب قىلىدۇ. إِسْم بولسا «عَسٰى»نىڭ فَاعِلى، أَنْلىك فِعْل مُضَارِع بولسا ئۇنىڭ خَبَرى بولىدۇ. بۇ چاغدا قَارَبَ مەنىسىدە بولىدۇ. مەسىلەن: عَسٰى زَيْدٌ أَنْ يَخْرُجَ (زَيْدنىڭ چىقىشىغا ئاز قالدى). زَيْدٌ «عَسٰى»نىڭ إِسْمى (فَاعِلى) بولغانلىقتىن مَرْفُوْع، أَنْ يَخْرُجَ «عَسٰى»نىڭ خَبَرى بولغانلىقتىن نَصْبدۇر. چۈنكى، فِعْل مُضَارِعغا أَنْ مَصْدَرِيَّة داخىلدۇر. شۇڭا، بۇ «قَارَبَ زَيْدُنِ الْخُرُوْجَ» (زَيْد چىقىشقا ئاز قالدى) دېگەنلىك بولىدۇ.

② مۇھىم نۇقتا: «عَسٰى»نىڭ خَبَرى «عَسٰى»نىڭ إِسْمىغا ئۇيغۇن كېلىشى زۆرۈردۇر. يەنى، إِسْمى مُفْرَد بولسا، خَبَردە وَاحِد صِيْغَة كەلگەي. شۇنىڭدەك مُذَكَّر، مؤَنَّث، تَثْنِيَة ۋە جَمْع قاتارلىقلاردا إِسْمىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ خَبَرىنىڭمۇ ئۆزگىرىشى زۆرۈر. مەسىلەن: عَسٰى زَيْدٌ أَنْ يقومَ؛ عَسَى الزَّيْدَان أَنْ يَّقُوْمَا؛ عَسَى الزَّيْدُوْنَ أَنْ يَّقُوْمُوْا؛ عَسَتْ هِنْدٌ أَنْ تَقُوْمَ؛ عَسَتِ الْهِنْدَان أَنْ تَقُوْمَا؛ عَسَت الْهِنْدَاتُ أَنْ يَّقُمْنَ.

ئاگاھ بولۇڭكى، «عَسٰى»نىڭ إِسْمى زَيْدٌ، هِنْدٌ...دەك إِسْم ظاهر بولغاندا، خَبَرنىڭ ئۇنىڭغا ئۇيغۇن بولۇشى زۆرۈر. ئەگەر «عَسٰى»نىڭ إِسْمى إِسْم ضَمِيْر بولسا، خَبَرنىڭ ئۇنىڭغا ئۇيغۇن بولۇشى زۆرۈر ئەمەس. 2) «عَسٰى» پەقەت إِسْمىنلا رَفْع قىلىدۇ. بۇ چاغدا «عَسٰى»نىڭ إِسْمى أَنْلىك فِعْل مُضَارِع بولۇش شەرت. بۇ ھالەتتە أَنْلىك فِعْل مُضَارِع «عَسٰى»نىڭ إِسْمى بولغانلىقتىن، ئورنى رَفْع بولۇپ، «عَسٰى» قَرُبَ مەنىسىدە بولىدۇ.



الفعل المضارع المأوَّل باسم الفاعل① نحو كاد زيد يخرج اى كاد زيد خارجا②. **وكرب**③ وهو لشروع الإسم فى الخبر، وهو مثل كاد فى الإستعمال نحو كرب زيد يخرج اى قرب زيد خارجا. **واوشك**④ وهو لشروع الإسم فى الخبر، وهو مثل عسى وكاد فى الإستعمال نحو اوشك زيد ان يخرج، واوشك ان يخرج زيد،

---

مەسىلەن: عَسٰى أَنْ يَّخْرُجَ زَيْدٌ. يەنى، قَرُبَ خُرُوْجُ زَيْدٍ. بۇ ھالەتتە، خَبَرنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. لېكىن، بىرىنچى ھالەتتە خَبَرسىز مەقسەت ھاسىل بولمايدۇ. شۇڭا «عَسٰى» بىرىنچى ھالەتتە نَاقِص، ئىككىنچى ھالەتتە تَامّ بولىدۇ.

① كَادَ ـــ خَبَرىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا يېقىن قالغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كېلىپ، إِسْمىنى رَفْع ۋە خَبَرىنى نَصْب قىلىدۇ. بۇنىڭ خَبَرى أَنْسىز فِعْل مُضَارِع بولىدۇ. مەسىلەن: كَادَ زَيْدٌ يَجِيْءُ (زَيْد كېلىشكە ئازلا قالدى). بۇنىڭدا زَيْدٌ ـــ مَرْفُوْعدۇر. چۈنكى ئۇ، كَادَنىڭ إِسْمىدۇر. يَجِيْءُنىڭ ئورنى نَصْب بولىدۇ. چۈنكى ئۇ، كَادَنىڭ خَبَرىدۇر.

② مۇھىم نۇقتا: 1) بەزىدە كَادَنىڭ خَبَرى بولغان فِعْل مُضَارِعنىڭ ئەۋۋىلىدە أَنْمۇ كېلىدۇ. بۇ چاغدا كَادَ ـــ عَسٰىغا ئوخشاش بولىدۇ. 2) كَادَنىڭ مَصْدَرىدىن ياسالغانلىرى ھۆكۈمدە كَادَگە ئوخشايدۇ.

③ كَرَبَ ـــ بىر ئىشقا تەمشىلىۋاتقانلىقنى بىلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ إِسْمىنى رَفْع ۋە خَبَرىنى نَصْب قىلىدۇ. ئۇنىڭ خَبَرى ھەمىشە أَنْسىز فِعْل مُضَارِع بولىدۇ. مەسىلەن: كَرَبَ زَيْدٌ يَخْرُجُ (زَيْد چىققىلىۋاتىدۇ).

④ أَوْشَكَ ـــ بىر ئىشقا ئازلا قېلىش ۋە تەمشىلىشنى بىلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ إِسْمىنى رَفْع ۋە خَبَرىنى نَصْب قىلىدۇ. ئۇنىڭ خَبَرى أَنْلىك فِعْل مُضَارِع ۋە أَنْسىز فِعْل مُضَارِع بولۇپ ئىككى خىل كېلىدۇ. مەسىلەن: أَوْشَكَ زَيْدٌ أَنْ يَّجِيْءَ؛ أَوْشَكَ زَيْدٌ يَجِيْءُ (زَيْد كېلىشكە ئازلا قالدى).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



واوشك زيد يخرج①. **النوع الثانى عشر**② أفعال المدح والذمّ ترفع③ اسم الجنس معرّفا باللام، او المضافَ الى المعرّف بها، او

---

① مۇھىم نۇقتا: ھەممىنى أَفْعَال مُقَارَبَة دەپ ئاتاش بولسا، «تَسْمِيَةُ الْكُلِّ باسْمِ الْبَعْضِ» بويىچە مَجَاز مُرْسَلنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئاگاھ بولۇڭكى، كَادَ، كَرَبَ (بفَتْح الراء)، أَوْشَكَ ئۈچى ــــ يېقىنلىقنى ۋە ئازلا قىلىشنى، عَسٰى ــــ ئۈمىدنى بىلدۈرىدۇ. بۇ بابنىڭ فِعْللىرى مُبْتَدَأ ۋە خَبَرگىلا داخىل بولىدۇ. مُبْتَدَأ ئۇنىڭ إِسْمىسى، خَبَر بولسا نَصْبنىڭ ئورنىدا ئۇنىڭ خَبَرى بولىدۇ. لېكىن، بۇ باباتا خَبَر ــــ فِعْل مُضَارِعلا بولىدۇ.

② ئون ئىككىنچى قىسىم أَفْعَال مَدْح ۋە ذَمّ: بۇ بىراۋنى ماختاش ياكى ئەيىبلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان فِعْللار بولۇپ، ئۇلار تۆتتۇر: نِعْمَ، بِئْسَ، سَاءَ، حَبَّذَا.

نِعْمَ ۋە بِئْسَ ئەسلىدە نَعِمَ ۋە بَئِسَ فِعْلى ئىدى. يەنى، نُوْن ۋە باءدا فَتْح، عَيْن ۋە ھمزەدە كَسْرَة بار ئىدى. كَلِمَةَنىڭ فاءسى عَيْنغا ئەگەشتۈرۈلدى. كەيىندىن تخفيفنىڭ ۋەجھىدىن عَيْن ساكىن قىلىنىپ نِعْمَ ۋە بِئْسَ بولدى. بۇ ئىككى فِعْلدا ماضىدىن باشقىسى ئىشلىتىلمەيدۇ.

③ بۇ فِعْللار مۇنداق ئۈچ خىل إِسْمنى رَفْع قىلىدۇ: 1) الف لَام بىلەن مَعْرِفَة قىلىنغان إِسْم جنسنى. مەسىلەن: ﴿نِعْمَ ٱلْمَوْلَىٰ وَنِعْمَ ٱلنَّصِيرُ﴾. 2) الف لَام بىلەن مَعْرِفَة قىلىنغۇچىغا مُضَاف بولغۇچىنى. مەسىلەن: نِعْمَ عُقْبَى الْكُرَمَاءِ. 3) تَمْيِيْز بويىچە نَصْب ئوقۇلۇپ، نكرة ئارقىلىق تەفسىر قىلىنغان ضَمِيْر (هُوَ)نى. مەسىلەن: نِعْمَ رَجلًا.

سوئال: «نِعْمَ رَجلًا زَيْدٌ»نىڭ ئاستىدىكى ضَمِيْر (هُوَ) زَيْدنى كۆرسەتكەندە إِضْمَار قَبْلَ الذِّكْرِ لازىم كېلىپ قالىدىغۇ؟

جاۋاب: مەخپىي ضَمِيْر (هُوَ) مەزكۇر زَيْدنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى مُتَكَلِّمنىڭ زىھنىدىكى تونۇشلۇق زَيْدنى كۆرسىتىدۇ (عَهْد ذهْنِيّ بويىچە).

ئاخىردىكى ماختالغان ياكى ئەيىبلەنگەن إِسْم ــــ مَخْصُوْصٌ بِالْمَدْح ياكى مَخْصُوْصٌ بِالذَّمِّ دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: نِعْمَ الرَّجُلُ زَيْدٌ. بۇنىڭ



مضمرا مميَّزا بنكرة منصوبة، وهى اربعة أفعال. **نعم** لمدح العام نحو نعم الرجل زيد ونعم غلام الرجل زيد ونعم رجلا زيد. **وبئس** لذم العام نحو بئس الرجل زيد وبئس غلام الرجل زيد وبئس رجلا زيد. **وحبذا** وهو مثل نعم نحو حبذا الرجل زيد. **وساء** وهو مثل بئس نحو ساء الرجل زيد①. **النوع الثالث عشر**② أفعال الشك

---

تەركىبى: نِعْمَ ــــ فِعْل مَدْح، الرَّجُل ــــ ئۇنىڭ إِسْمىسى (فَاعِلى)، زَيْد بولسا مَخْصُوْصٌ بِالْمَدْحدۇر.

نِعْمَ الرَّجُلُ ــــ خَبَر مُقَدَّم ۋە زَيْد ــــ مُبْتَدَأ مُؤَخَّر بولسا، ھەممىسى بىر جُمْلَة بولىدۇ. ئەگەر زَيْد (هُوَ) دېگەن مُبْتَدَأ مَحْذُوْفنىڭ خَبَرى بولسا، نِعْمَ الرَّجُلُ بىر جُمْلَة، مَخْصُوْصٌ بِالْمَدْح يەنە بىر جُمْلَة بولىدۇ.

① مۇھىم نۇقتا: 1) إِسْمنىڭ مَخْصُوْصٌ بِالْمَدْح ياكى مَخْصُوْصٌ بِالذَّمِّ بولۇشىنىڭ ئالامىتى شۇكى، مُبْتَدَأ، فِعْل ۋە فَاعِلنى ئۇنىڭ خَبَرى قىلىشقا سالاھىيىتى بولۇشتۇر. 2) نِعْمَ ۋە حَبَّذَا ــــ ئىككىسى ماختاش فِعْللىرى، بِئْسَ ۋە سَاءَ ــــ ئىككىسى ئەيىبلەش فِعْللىرىدۇر. 3) ماختىغاندا حَبَّذَا زَيْدٌ، ئەيىبلىگەندە لَا حَبَّذَا زَيْدٌ دېيىلىدۇ. «حَبَّ» فِعْل ماضى، «ذَا» ئۇنىڭ فَاعِلىدۇر. مَخْصُوْصٌ بِالْمَدْح ياكى مَخْصُوْصٌ بِالذَّمِّ «ذَا»دىن كېيىنلا زىكرى قىلىنىپ، مَخْصُوْصٌ ھەرقانداق ھالەتتە ئۆزگەرسىمۇ «ذَا» ئۆزگەرمەيدۇ. بۇ خۇددى «اَلصَّيْفَ ضَيَّعَتِ اللَّبَنَ» دېگەن مَثَلگە ئوخشايدۇ. «اَلْاَمْثَالُ لَا تَتَغَيَّرُ». 4) «حَبَّ»دىن كېيىن «ذَا» كەلسە، «حَبَّذَا» دەپ حاءنى فَتْح ئوقۇش زۆرۈردۇر. ئەگەر «حَبَّ»دىن كېيىن «ذَا»نىڭ باشقىسى كەلسە، حاءنى ضَمّ ۋە فَتْح ئىككى خىل ئوقۇش دۇرۇس. مەسىلەن: حُبَّ زَيْدٌ ۋە حَبَّ زَيْدٌ. ئاگاھ بولۇڭكى، «حَبَّ» «ذَا»سىز كەلگەندە فِعْل مَدْح بولمايدۇ.

② ئون ئۈچىنچى قىسىم أَفْعَال قُلُوْب: أَفْعَال قُلُوْب دەپ ئاتىلىشتىكى سەۋەب، بۇ فِعْللار تاشقى ئەزاغا مۇناسىۋەتلىك بولماي، دىلغا مۇناسـ

**واليقين وتسمى أفعال القلوب، وهى تدخل① على اسمين ثانيهما عبارةٌ عن الاول وتنصبهما معا، وهى② سبعة أفعال. ثلثةٌ منها③**

---

ـۋەتلىكتۇر. بۇلار أَفْعَال شَكّ ۋە أَفْعَال يَقِيْنمۇ دېيىلىدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ بەزىسى شەكنى، بەزىسى جەزمنى بىلدۈرىدۇ.

① أَفْعَال قُلُوْب مُبْتَدَأ ۋە خَبَردىنلا تۈزۈلگەن جۈملىنى نَصْب قىلىدۇ. مُبْتَدَأ ۋە خَبَر بۇ فِعْللارنىڭ مَفْعُوْلى بولىدۇ.

② ئۇلار يەتتىدۇر: حَسِبْتُ، ظَنَنْتُ، خِلْتُ، رَأَيْتُ، وَجَدْتُّ، عَلِمْتُ، زَعَمْتُ.

③ أَفْعَال قُلُوْب ئىككى خىل: بىرى شەكنى، يەنە بىرى جەزمنى بىلدۈرىدۇ.

ئەۋۋەلقى ئۈچى شەكنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: حَسِبْتُ زَيْدًا فَاضِلًا (زَيْدنى پەزىلەتلىك دەپ ئويلىدىم). ظَنَنْتُ بَكْرًا نَائِمًا (بَكْرنى ئۇخلاپ قالغۇچى دەپ گۇمان قىلدىم). خِلْتُ خَالِدًا قَائِمًا (خَالِدنى ئۆرە دەپ ئويلىدىم).

كېيىنكى ئۈچى جەزمنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: عَلِمْتُ زَيْدًا أَمِيْنًا (زَيْدنى ئىشەنچلىك دەپ بىلدىم). رَأَيْتُ عَمْرًوا فَاضِلًا (عَمْرونى پەزىلەتلىك كۆردۈم). وَجَدْتُّ الْبَيْتَ رَهِيْنًا (ئۆينى گۆرۈگە قويغان تاپتىم).

ئاخىرقى بىرى (زَعَمْتُ) شەك ۋە جەزم ئىككىلىسىنى بىلدۈرىدۇ.

سوئال: بۇ قانداق پەرق ئېتىلىدۇ؟

جاۋاب: جۈملىنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ پەرق ئېتىلىدۇ. مەسىلەن: زَعَمْتُ اللهَ غَفُوْرًا (مېنى اللهنىڭ كەچۈرىدىغانلىقىنى بىلدىم) —— جەزم مەنىسىدە. زَعَمْتُ زَيْدًا تَقِيًّا (زَيْدنى تەقۋا دەپ گۇمان قىلدىم) —— شەك مەنىسىدە.



**للشك، ظننت نحو ظننت زيدا قائما. وقد يكون بمعنى إتهمت① فلا**

---

① مۇھىم نۇقتا: 1) ظَنَنْتُ ← «إِتَّهَمْتُهُ» (ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلدىم)، عَلِمْتُ ← «عَرَفْتُهُ» (ئۇنى تونۇدۇم)، وَجَدْتُّ ← «أَصَبْتُهُ» (ئۇنىڭغا يەتتىم)، رَأَيْتُ ← «أَبْصَرْتُهُ بِعَيْنِىْ» (ئۇنى كۆزۈم بىلەن كۆردۈم) مەنىسىدە كەلسە، بىر مَفْعُوْلنى نَصْب قىلىپ، أَفْعَال قُلُوْبتىن بولمايدۇ.

ئاگاھ بولۇڭكى، «رَأَي» —— رُؤْيَة مَصْدَرىدىن ياسالغان بولسا، «كۆز بىلەن كۆردى» دېگەن مەنىدە بولىدۇ. بۇ چاغدا بىر مَفْعُوْلنى نَصْب قىلىپ، أَفْعَال قُلُوْبتىن بولمايدۇ. ئەگەر رُؤْيَا مَصْدَرىدىن ياسالغان بولسا، «چۈش كۆردى» دېگەن مەنىدە بولىدۇ. بۇ چاغدا أَفْعَال قُلُوْبتىن بولۇپ، ئىككى مَفْعُوْلنى نَصْب قىلىدۇ. 2) أَفْعَال قُلُوْبنىڭ ئىككىنچى مَفْعُوْلى بىرىنچى مَفْعُوْلنىڭ سۈپىتىدۇر. گويا ئىككىلى مَفْعُوْل مەزمۇن جەھەتتە بىر إِسْمغا ئوخشاپ قالغۇچىدۇر. دەرۋەقە ئىككى مَفْعُوْلنىڭ مەزمۇنى بىرلىكتە بىر مَفْعُوْلٌ بِهِ ھېسابلىنىپ، ئىككىنچى مَفْعُوْلنىڭ مَصْدَرى بىرىنچى مَفْعُوْل تەرەپكە مُضَاف بولغان بولىدۇ. مەسىلەن: عَلِمْتُ زَيْدًا فَاضِلًا. ئەسلىدە بۇ عَلِمْتُ فَضْلَ زَيْدٍدۇر. بۇنىڭدا ئىككىنچى مَفْعُوْل (فاضلا) بىرىنچى مَفْعُوْل (زَيْدًا) تەرەپكە مُضَاف بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر بىر مَفْعُوْلنى حَذْف قىلىنۋەتسە، جۈملىنىڭ بىر قىسمىنى يوقاتقاندەك بولىدۇ. شۇڭا، بىرمۇ مَفْعُوْلنى حَذْف قىلىشقا بولمايدۇ. 3) أَفْعَال قُلُوْبنىڭ ئۈچ ھۆكمى بار: (1) إِعْمَال (ئەمەل بېرىش). بۇ ئەسلىدۇر؛ (2) إِلْغَاء (ئەمەلدىن لَفْظًا ۋە مَعْنًي بىكار قىلىش). بۇنىڭ ئالامىتى شۇكى، بىرى، فِعْل ئىككى مَفْعُوْلنىڭ ئارىلىقىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: زَيْدٌ ظَنَنْتُ قائمٌ. يەنە بىرى، فِعْل ئىككى مَفْعُوْلدىن كېيىن كېلىدۇ. مەسىلەن: زَيْدٌ قَائِمٌ ظَنَنْتُ؛ (3) تَعْلِيْق (ئەمەلدىن لَفْظًا بىكار قىلىپ، مَعْنًي ئەمەل بېرىش). بۇنىڭ ئالامىتى شۇكى، أَفْعَال قُلُوْبنىڭ مَعْمُوْللىرىغا لَام إِبْتِدَاء، لَام قَسَم ۋە حَرْف نَفْيدىن بىرەرسى داخىل بولىدۇ. 4) عَلِمْتُ ۋە رَأَيْتُنىڭ ئەۋۋىلگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تنصب إلا إسما واحدا. **وحسبت** نحو حسبت زيدا عـــابدا. **وخلت** نحو خلت زيدا كريما. وثلاثة منها لليقين، **علمت** نحو علمت زيدا عالما. وقد يكون بمعنى عرفت فلا تنصب إلا إسما واحدا. **ووجدت** نحو وجدت زيدا حاضرا. وقد يكون بمعنى اصبت فلا تنصـــب إلا إسما واحدا. **ورأيت** نحو رأيت زيدا قائما. وقد يكون بمعنى أبصرت فلا تنصب إلا إسما واحدا. وواحدٌ منها يكون تارة بمعنى علمـــت وتارة بمعنى ظننت يُعلم بالقرينة وهو **زعمت** نحو زعمت زيدا إنسانا وزعمت زيدا كريما. و**القياسية منها**① سبعة عوامـــل. **الفعل**② على الإطلاق وهو على ضربين③ لازم ومتعدّ. فاللازم يرفع إسمـــا واحدا على انه فاعله نحو شرُف زيد. والمتعدي④ على ثلاثة اقسام،

---

ھەمزە (أَ) قوشسا، ئۈچ مَفْعُوْلنى نَصْب قىلىدۇ. مەسىلەن: أَعْلَمْـــتُ زَيْـــدًا عَمْرًوا فَاضِلًا ۋە أَرَأَيْتُ عَمْرًوا خَالِدًا عَالِمًا.

① قِيَاسِيّ عَامِللار يەتتىدۇر: فِعْل، مَصْدَر، إِسْم فَاعِل، إِسْم مَفْعُـــوْل، صِـــفَة مُشَبَّهَة، مُضَاف، إِسْم تَامّ.

② **فِعْل** ـــــ لَازِم، مُتَعَدِّي، ماضي، مُضَارِع، أَمْر ياكى نَهْي بولسۇن، ھەر ۋاقىت عَامِللا بولىدۇ ھەمدە ئەمەلدىمۇ كۈچلۈكتۇر. قالغان ئالتىسى بۇ دەرىجىدە كۈچلۈك ئەمەس.

③ ئەمەل ئېتىبارى بىلەن فِعْل ئىككى خىل: 1) فِعْـــل لَازِم ـــــ فَـــاعِل بىلەنلا تولۇقلىنىپ مَفْعُوْلنى خالىمايدۇ. مەسىلەن: قَامَ زَيْدٌ (زَيْد تۇردى). 2) فِعْل مُتَعَدِّي ـــــ فَاعِل بىلەن بىرگە مَفْعُـــوْلنىمۇ خالايدۇ. مەسىلەن: ضَرَبَ زَيْدٌ عَمْروا (زَيْد عَمْرونى ئۇردى).

④ فِعْل مُتَعَدِّي ئۈچ خىل: 1) بىر مَفْعُوْللۇق. مەسىلەن: ضَرَبَ ۋە باشـ ـقىلار. 2) ئىككى مَفْعُوْللۇق. بۇ ئىككى خىل: بىرى، ئىككى مَفْعُـــوْلنىڭ



متعدٍّ الى مفعول واحد نحو ضربت زيدا. ومتعد الى مفعولين ثانيهما عين الاول نحو حسبت زيدا عالما، او غيرُ الاول نحو اعطيت زيدا درهما. ومتعد الى ثلثة مفاعيل نحو اعلمت عمروا زيدا فاضـــلا①.

---

ئەسلىسى مُبْتَدَأ ۋە خَبَر. مەسىلەن: ظَـــنَّ ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى. يەنە بىرى، ئىككى مَفْعُوْلنىڭ ئەسلىسى مُبْتَدَأ ۋە خَبَر ئەمەس. مەسىلەن: أَعْطِي ۋە كَسٰى. 3) ئۈچ مَفْعُوْللۇق. مەسىلەن: أَعْلَمَ ۋە أَرٰى.

① مۇھىم نۇقتا: 1) ھەرقانداق فِعْل ئىككى نەرسىدىن خالىي ئەمەس: بىرى، حَدَث، يەنى مَصْدَر مەنىسى. يەنە بىرى، زمان. 2) فَاعِلنى فِعْلغا مُقَدَّم قىلىش دۇرۇس ئەمەس، ئەمما مَفْعُوْلنى مُقَدَّم قىلىشقا بولىدۇ. 3) فِعْلنىڭ فَاعِلىنى حَذْف قىلىش دۇرۇس ئەمەس، مَفْعُوْلنى حَذْف قىلىش دۇرۇس. 4) فِعْل مُتَعَدِّينىڭ ئالامىتى شۇكى، فِعْلدا ئۆز مَصْدَرىنىڭ باشـ ـقىسنى كۆرسىتىدىغان «هَاء» (مَفْعُوْلٌ بِهلىك ضَمِيْر) بولىدۇ. مەسىلەن: أَلْبَابُ أَغْلَقْتُهُ. ئەگەر «هَاء» ئۆز مَصْدَرىنى كۆرسەتسە، فِعْل مُتَعَدِّيغا دالالەت قىلمايدۇ. مەسىلەن: الضَّرْبُ ضَرَبْتُهُ يەنى ضَرَبْتُ الضَّرْبَ ۋە اَلْقِيَـــامُ قُمْتُـــهُ، يەنى قُمْتُ الْقِيَامَ.

فِعْل لَازِم ـــــ فِعْل مُتَعَدِّينىڭ ئەكسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالامىتى شۇكى، مەنىسى تەبىئەتكە دالالەت قىلىدۇ. مەسىلەن: شَـــرُفَ (ئۇلۇغ بولدى). كَرُمَ (سېخىي بولدى). ظَرُفَ (زېرەك بولدى)؛ ياكى، إِفْعَلَّ ۋەزنىدە بولىدۇ. مەسىلەن: إِقْشَعَرَّ، إِطْمَأَنَّ؛ ياكى، إِفْعَـــنْلَلَ ۋەزنىدە بولىدۇ. مەسىلەن: إِقْعَنْسَسَ، إِحْرَنْجَمَ؛ ياكى، پاكىزلىقىا ياكى پاسكىنىلىقا دالالەت قىلىدۇ. مەسىلەن: طَهُرَ الثَّوْبُ وَنَظُفَ (كىيىم پاكىز بولدى). دَنِسَ الثَّوْبُ ووَسِخَ (كىـ ـيىم كىر بولدى)؛ ياكى، بىرە-بىرە يۈز بېرىشكە دالالەت قىلىدۇ. مەسىلەن: مَرِضَ زَيْدٌ وَإِحْمَرَّ؛ ياكى، بىر مَفْعُوْللۇق فِعْل مُتَعَدِّينىڭ تەسـ ـرىنى قوبۇل قىلغان بولىدۇ. مەسىلەن: مَدَدْتُّ الْحَدِيْـــدَ فَـــإِمْتَدَّ (تۆمۈرنى

**والمصدر** وهو الإسم الذى اشتق منه الفعل وهو يعمل عمل فعله① اذا كان منوّنا② نحو عجبت من ضربٍ زيدٌ عمروا، او مضافا الى

---

سوزدۇم، ئۇ سوزۇلدى). دَحْرَجْتُ الدُّوْلَابَ فَتَدَحْرَجَ (چاقنى يوملاتتىم، ئۇ يوملىدى). بۇ مىسالدىكى إِمْتَدَّ ۋە تَدَحْرَجَ ـــ فِعْل لَازِمدۇر.

① مَصْدَر ئىككى جايدا ئۆزىنىڭ فِعْل لَازِمىسىنىڭ ياكى فِعْل مُتَعَدِّيسىنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ: 1) مَصْدَر ئۆز فِعْلىنىڭ ئورۇنباسارى بولغاندا. مەسىلەن: ضَرْبًا زَيْدًا. ضَرْبًا إِضْرِبْنىڭ ئورۇنباسارى بولۇپ، زَيْدًانى نَصْب قىلدى. إِضْرِبْنىڭ ئاستىدا ضَمِير (أَنْتَ) بولغاندەك ضَرْبًانىڭ ئاستىدىمۇ ضَمِيْر بار. ئاگاھ بولۇڭكى، ئۆز عَامِلىنى تأكىدلەپ كەلگەن مَصْدَر ھەرگىز ئەمەل قىلمايدۇ. مەسىلەن: ضَرَبْتُ ضَرْبًا. 2) مَصْدَرنىڭ ئورنىدا «أَنْ» ۋە فِعْل ياكى «مَا» ۋە فِعْلنىڭ بارلىقى پەرەز ئېتىلگەندە. ئەگەر ئۆتكەن زامان ياكى كەلگۈسى زامان ئىرادە قىلىنسا «أَنْ» پەرەز ئېتىلىدۇ. مەسىلەن: عَجِبْتُ مِنْ ضَرْبِكَ زَيْدًا أَمْسِ ياكى غَدًا. بۇنىڭ پەرەزى عَجِبْتُ مِنْ أَنْ ضَرَبْتَ زَيْدًا أَمْسِ ياكى عَجِبْتُ مِنْ أَنْ تَضْرِبَ زَيْدًا غَدًا. ئەگەر ھازىرقى زامان ئىرادە قىلىنسا «مَا» پەرەز ئېتىلىدۇ. مەسىلەن: عَجِبْتُ مِنْ ضَرْبِكَ زَيْدًا اَلآنَ، بۇنىڭ پەرەزى عَجِبْتُ مِمَّا تَضْرِبُ زَيْدًا اَلآنَ.

پەرەز ئېتىلگەن مۇشۇ مَصْدَر ئۈچ خىل ئەھۋالدا ئەمەل قىلىدۇ: 1) فَاعِلغا مُضَاف بولغان. مەسىلەن: عَجِبْتُ مِنْ ضَرْبِكَ زَيْدًا. 2) إِضَافَة ۋە ألف لَامدىن خالىي (تەنۋىنلىك) بولغان. مەسىلەن: عَجِبْتُ مِنْ ضَرْبٍ زَيْدًا. 3) ألف لَاملىق بولغان. مەسىلەن: عَجِبْتُ مِنَ الضَّرْبِ زَيْدًا.

② مَصْدَر ـــ حَدَثنىڭ إِسْمى (بىر ئىشنىڭ پەيدا بولۇشى ياكى ۋۇجۇدقا كېلىشىنىڭ إِسْمى) بولۇپ، بۇنىڭدىن فِعْل ياسىلىدۇ. شۇ ۋەجھىدىن مَصْدَر دېيىلگەن. چۈنكى، مَصْدَر ـــ چىقىدىغان جاي دېگەنلىك بولۇپ، فِعْل شۇ جايدىن چىقىدۇ.



الفاعل ويترك المفعول منصوبا نحو عجبت من دق القصّار الثوبَ. وقد يضاف الى المفعول ويترك الفاعل مرفوعا نحو عجبت من ضرب اللص الجلاد①. **واسم الفاعل**② هو كل اسم اشتق من فعل لذات من قام به الفعل وهو يعمل عمل فعله③ اذا كان بمعنى

---

① مۇھىم نۇقتا: 1) مَصْدَرنىڭ مَعْمُوْلى مَصْدَرگە مُقَدَّم بولمايدۇ. أَعْجَبَنِيْ عَمْرًوا ضَرْبٌ زَيْدٌ دېيگەندەك. 2) بەزى قاراشلاردا مَصْدَر ـــ ضَمِيْردا ئەمەل قىلمايدۇ. يەنى، مَصْدَرنىڭ ئاستىدا ضَمِير بولمايدۇ. 3) مَصْدَرنىڭ فَاعِلىنى زىكرى قىلىش زۆرۈر ئەمەس. 4) مَصْدَر مُتَعَدِّيىنى ئۆزىنىڭ فَاعِلى ياكى مَفْعُوْلىغا مُضَاف قىلىش كۆپتۇر. بىرىگە مُضَاف بولغاندا يەنە بىرى مَنْصُوْب ياكى مَرْفُوْع ھالىتىدە تۇرىدۇ. مَصْدَر لَازِم ـــ فَاعِلغىلا مُضَاف بولىدۇ.

② **إِسْم فَاعِل** ـــ ئىش-ھەرىكەتنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن فِعْلدىن ياسالغان إِسْمدۇر. بۇمۇ مَصْدَرگە ئوخشاش ئۆز فِعْلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن إِسْم فَاعِل ـــ فِعْل لَازِمدىن ياسالسا، فَاعِلىنىلا رَفْع قىلىدۇ. مەسىلەن: زَيْدٌ قَائِمٌ أَبُوْهُ. بۇ مىسالدا قَائِمٌ ـــ إِسْم فَاعِل، أَبُوْهُ ـــ ئۇنىڭ فَاعِلدۇر. قَائِمٌنىڭ فِعْلى يَقُوْمُ بولسا فِعْل لَازِمدۇر. ئەگەر إِسْم فَاعِل ـــ فِعْل مُتَعَدِّيدىن ياسالسا، فَاعِلىنى رَفْع ۋە مَفْعُوْلىنى نَصْب قىلىدۇ. مەسىلەن: زَيْدٌ ضَارِبٌ غُلَامُهُ عَمْرًوا. بۇ مىسالدا إِسْم فَاعِل ضَارِبٌنىڭ فِعْلى يَضْرِبُ ـــ فِعْل مُتَعَدِّيدۇر. شۇڭا مَفْعُوْلٌ بِهِ بولغان عَمْرًوا مَنْصُوْبتۇر.

③ إِسْم فَاعِلنىڭ ئەمەل قىلىشىنىڭ شەرتى ئىككى: 1) إِسْم فَاعِل ھازىرقى ياكى كەلگۈسى زاماننى بىلدۈرۈشى شەرت. چۈنكى، إِسْم فَاعِل ھەرىپىنىڭ سانى، ھەرىكەت ۋە سۈكۇنلار ئېتىبارىدىن كۆرۈنۈشتە فِعْل مُضَارِعغا ئوخشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەنە جەھەتتىمۇ فِعْل مُضَارِعغا ئوخشاش بولۇشى لازىم. چۈنكى فِعْل مُضَارِعدا ھازىرقى ياكى كەلگۈسى

www.uyghurkitap.com



**الحال او الإستقبال بشرط الإعتماد على الموصوف نحو مررت برجل راكب فرسه. اوالمبتدأ نحو زيد ضارب عمروا وزيد قائم غلامه. اوذى الحال نحو رأيت زيدا راكبا فرسه. او الإستفهام نحو أقائم اخوك①. وامّا اذا كان بمعنى الماضى فلا يعمل عمل فعله فلا**

---

زامان تېپىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن إِسْم فَاعِلمۇ ھازىرقى ياكى كەلگۈسى زامان مەنىسىدە بولۇشى زۆرۈردۇر. 2) إِسْم فَاعِل تۆۋەندىكى يەتتە نەرسىنىڭ بىرىگە تايىنىشى شەرت: (1) مَوْصُوْف (سۈپەتلەنگۈچى)قا. مەسىلەن: مَرَرْتُ بِرَجُلٍ ضَارِبٍ إِبْنُهُ جَارِيَةً (دېدەك). بۇ مىسالدا رَجُلٍ مَوْصُوْف، ضَارِب ئۇنىڭ صفةىدۇر. (2) فَاعِل ۋە مُبْتَدَأ (ئىگە)غا. مەسىلەن: جَاءَ زَيْدٌ رَاكِبًا فَرَسَه. زَيْدٌ ضَارِبٌ عَمْرًوا. بىرىنچى مىسالدا زَيْد فَاعِل، ئىككىنچى مىسالدا مُبْتَدَأ. (3) ذُو الْحَالِ (ھالەت ئىگىسى)غا. مەسىلەن: جَاءَ زَيْدٌ رَاكِبًا فَرَسًا. بۇ مىسالدا جَاءَ — عَامِل حَال، زَيْد — ذُو الْحَالِ، رَاكِبًا — حَال (ھالەت). (4) إِسْتِفْهَام (سوئال)غا. مەسىلەن: أَضَارِبٌ زَيْدٌ عَمْرًوا. بۇ مىسالدا ضَارِبٌ ھەمزە (أَ)گە تاياندى. (5) حَرْف نِدَاء (چاقىرىش ھەرپى)غا. مەسىلەن: يَا طَالِعًا جَبَلًا. بۇ مىسالدا طَالِعًا يَاغا تاياندى. (6) حَرْف نَفْي (ئىنكار ھەرپى)گە. مەسىلەن: مَا ضَارِبٌ زَيْدٌ عَمْرًوا. بۇ مىسالدا ضَارِبٌ مَاغا تاياندى. (7) إِسْم مَوْصُوْلغا. مەسىلەن: اَلضَّارِبُ عَمْرًوا فِي الدَّارِ أي اَلَّذِيْ هُوَ ضَارِبٌ عَمْرًوا فِي الدَّارِ.

مەزكۇر يەتتە نەرسىنىڭ بىرىگە تايىنىشىنىڭ شەرتى إِسْم فَاعِل — نكرة ھالەتتە كېلىشتۇر.

① مۇھىم نۇقتا: 1) مەزكۇر ئىككى شەرتتىن بىرەرسى تېپىلمىسا، إِسْم فَاعِل ئۆز فِعْلىنىڭ ئەملىنى قىلماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ كەينىدىكى كەلىمىگە إِضَافَة مَعْنَوِيّة تەرىقىسىدە مُضَاف بولىدۇ. مەسىلەن: مَرَرْتُ بِزَيْدٍ ضَارِبِ عَمْرٍو أَمْسِ. بۇ مىسالدا أَمْسِ ئۆتكەن زاماننى بىلدۈردى. شۇڭا، إِسْم



**يقال زيد ضارب غلامه عمروا امس. واسم المفعول① وهو كل اسم اشتق من فعل لذات من وقع عليه الفعل. وهو كاسم الفاعل فى إشتراط احد الزمانين والإعتماد② نحو زيد مكرَم اصحابه الآن او غدا ومررت برجل مضروب غلامه الآن او غدا ورأيت زيدا**

---

فَاعِلدا ھازىرقى ياكى كەلگۈسى زاماننى بىلدۈرۈش دېگەن شەرت تېپىلمىدى. 2) إِسْم فَاعِل — الف لَام بىلەن مَعْرِفَة قىلىنسا، ئۈچىلى زاماندا ئۆزىنىڭ كەينىدىكى نەرسىلەردە شەرتسىز ئەمەل قىلىدۇ. مەسىلەن: هَذَا الضَّارِبُ عَمْرًوا اَلآنَ ـ غَدًا ـ أَمْسِ. بۇ مىسالدىكى اَلآنَ ھازىرقى، غَدًا كەلگۈسى، أَمْسِ ئۆتكەن زاماننىڭ ئالامىتىدۇر. 3) إِسْم فَاعِلنىڭ تَثْنِيَة ۋە جَمْعلىرىنىڭ ھۆكمى ئەمەل قىلىشتا مُفْرَدنىڭ ھۆكمىگە ئوخشايدۇ. 4) مۇبالىغە مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان إِسْم فَاعِلنىڭ ئەملى مەزكۇر إِسْم فَاعِلنىڭ ئەملىگە ئوخشايدۇ. مەسىلەن: ضَرَّابٌ، ضَرُوْبٌ، مِضْرَابٌ، عَلَّامَةٌ ، عَلِيْمٌ، حَذِرٌ.

① **إِسْم مَفْعُوْل** — ئىش-ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن فِعْلدىن ياسالغان إِسْمدۇر.

② إِسْم مَفْعُوْل ئۆزىنىڭ مَجْهُوْل فِعْلىنىڭ ئەملىنى قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ فَاعِلنىڭ ئورنىدا بىرلا إِسْمنى رَفْع قىلىدۇ. بۇ رَفْع ئوقۇلغان إِسْم نَائِب فَاعِل ياكى مَفْعُوْلُ مَا لَمْ يُسَمَّ فَاعِلُهُ دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: جَاءَنِي الْمَضْرُوْبُ غُلَامُهُ.

إِسْم مَفْعُوْلنىڭ ئەمەل قىلىشى ئۈچۈنمۇ إِسْم فَاعِلدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى شەرت زۆرۈر. يەنى: 1) ھازىرقى ياكى كەلگۈسى زاماننى بىلدۈرۈش. 2) مەزكۇر يەتتە نەرسىنىڭ بىرىگە تايىنىش. ئەگەر إِسْم مَفْعُوْلغا الف لَام داخىل بولسا، ئۇمۇ إِسْم فَاعِلغا ئوخشاش شەرتسىز ئەمەل قىلىدۇ. مىسالنى ئۆزىڭىز تېپىپ چىقىڭ.

مضروبا غلامه الآن او غدا وأمضروب غلامك الآن او غدا ومـــا مضروب غلامك الآن او غدا. وامّا اذا اريد به الماضى فلا يعمـــل عمل فعله، فلا يقال زيد مكرم اصحابه امس. وانما اشـــتُرط الإعتماد على احد الامور المذكورة فى عمل اسم الفاعلِ واسم المفعول، لانهما ضعيفا العملِ فلا بد من الإعتماد، ليقوٰى كلٌّ منهما قوّةً فيعمل عمل فعله[1]. **والصفة المشبّهة**[2] وهى كل اسم اشتق من فعل لازم لذات من قام به الفعل على معنى الثبوت والدوام ويعمل عمل فعله مطلقا[3] نحو زيد كريم اٰبائه كما تقـــول زيد يَكْرُمُ اٰبائه، ونحو زيد حسن وجهه. شبِّهت باسم الفاعل[4] من

---

① مۇھىم نۇقتا: إِسْم فَاعِل ۋە إِسْم مَفْعُوْلغا داخىل بولغان الف لَام ـــــ إِسْم مَوْصُوْل (اَلَّـــذِيْ ۋە اَلَّـــتِيْ) مەنىسـىدە كېلىدۇ. ئەمـەل قىلىشتا إِسْـــم مَوْصُوْلغىمۇ تايىنىدۇ.

② صِفَة مُشَبَّهَة ـــــ فِعْل لَازِمدىـن ياسىلىپ، وَضْع ئېتىبارى بىلـەن ئۇنىڭ مَصْدَرى ئۆزىنىڭ فَاعِلىدىن ئايرىلماسلىققا دالالەت قىلىدۇ.

③ صِفَة مُشَبَّهَة ئۆز فِعْـــلىغا ئوخشاش ئەمـەل قىلىدۇ. لېكىـن ئۇنىـڭ ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن زامان شەرت بولمايدۇ. چۈنكى، بۇنىـڭدىكى فِعْل ـــــ ثُبُوْت مەنىسىدە. زامـان بولسا حُـــدُوْثقا مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇنىـڭ ئەمـەل قىلىشى ئۈچۈنمۇ مـەزكۇر يەتتـە نەرسىنىڭ بىرىگـە تايىنىشـى زۆرۈردۇر. بىـراق، بۇنىڭغا داخىـل بولغـان الـــف لَام ـــــ إِسْـــم مَوْصُـــوْل (الَّذِيْ)نىڭ ئورنىدا بولمايدۇ.

④ صِفَة مُشَبَّهَة إِسْم فَاعِلغا ئوخشايدۇ. شۇڭا صِفَة مُشَـــبَّهَة (ئوخشىتىلـــغۇچى سۈپەت) دېيىلىدۇ.



حيث انها تثنى وتجمع وتذكّر وتؤنّث، وصيغتها مخالفةٌ لصيغة اسم الفاعل[1]. **والمضاف**[2] وهو كل اسم اضيف الى اسمَ اٰخر، فالاول

---

بۇ ئوخشاشلىق ئىككى خىل: 1) صِفَة مُشَبَّهَة مەلۇم صِيْغَەدە إِسْم فَاعِلغـا ئوخشىمىسىمۇ، ئەمما إِشْتِقَاق جەھەتتە ئوخشايدۇ. مەسىلەن:

صِفَة مُشَبَّهَەنىڭ إِشْتِقَاقِى: حَسَنٌ، حَسَنَان، حَسَنُوْنَ، حَسَنَةٌ، حَسَنَتَان، حَسَنَاتٌ.

إِسْم فَاعِلنىڭ إِشْتِقَاقِى: ضَارِبٌ، ضَارِبَان، ضَارِبُوْنَ، ضَارِبَةٌ، ضَارِبَتَانِ، ضَارِبَاتٌ.

2) صِفَة مُشَبَّهَة ۋە إِسْم فَاعِل ـــــ ئىككىلىسى «صِفَة» بولىدۇ.

① مۇھىـم نۇقتـا: 1) صِفَة مُشَـــبَّهَة ئىكـەنلىكىنىڭ ئـالامىتى شۇكى، ئۆزىنىڭ فَاعِلىـنى جَرّ قىلىشـى ياخشـى سـانىلىدۇ. مەسـلەن: حَسَـــنُ الْوَجْه، مُنْطَلِقُ اللِّسَان، طَاهِرُ الْقَلْب، جَمِيْلُ الظَّاهِر. ئەسلىسـى حَسَنٌ وَجْهُـــهُ، مُنْطَلِقٌ لِسَانُهُ، طَاهِرٌ قَلْبُهُ، جَمِيْلٌ ظَاهِرُهُ. 2) ئۈچ ھەرىپـلىك فِعْلدىـن ياسـالغان صِفَة مُشَبَّهَة ئىككى خىـل: بىـرى فِعْـــل مُضَـــارِعنىـڭ ۋەزنىسـىدە بولىـدۇ. مەسـلەن: طَاهِرُ الْقَلْب. بۇ خىلـدا كېلىش ئـازدۇر. يەنـە بىـرى، فِعْـل مُضَارِعنىڭ ۋەزنىسىدە بولمايدۇ. مەسـلەن: جَمِيْلُ الظَّاهِر، حَسَنُ الْوَجْـــه، كَرِيْمُ الْاَب، صَعْبُ الْاَمر. ئۈچ ھەرىپـلىكنىڭ باشقىسـىدىن ياسالغان صِـــفَة مُشَبَّهَة ـــــ فِعْل مُضَارِعنىڭ ۋەزنىسىدە بولۇش زۆرۈردۇر. مەسلەن: مُنْطَلِقُ اللِّسَان. 3) صِفَة مُشَبَّهَەگە إِسْم فَاعِل مُتَعَدِّيْنىڭ ئەملىنى يۈرگۈزۈش مۇمـــكىن بولىدۇ. يەنى، رَفْع ۋە نَصْب ئەملىنى قىلىدۇ. نَصْب ئەملىنى قىلـــغاندا مَفْعُوْلٌ بِهغا ئوخشىتىلىدۇ. صِفَة مُشَبَّهَة يەنە حَال، تَمْيِيْـــز، مُسْـــتَثْنٰي، ظَرْفُ الزَّمَان، ظَرْفُ الْمَكَان، مَفْعُوْلٌ فِيْه قاتـارلىقلارنى نَصْـب قىلالايـدۇ. 4) صِفَة مُشَبَّهَەنىڭ مَعْمُوْلى ئۈچ خىـل ھالەتتـە كېلىدۇ. بۇنـى بىلـىش ئۈچۈن بەشىنچى قىسىم «تَسْهِيْلُ النَّحْوِ»مىزگە قـاراڭ. 5) إِسْم فَاعِلنـىڭ صِيْغَەسـى قِيَاسِيّ، صِفَة مُشَبَّهَەنىڭ صِيْغَەسى سِمَاعِيّدۇر.

② **مُضَاف** ـــــ ئىككىنچى بىر إِسْـــم تەرەپكە قوشـۇلۇپ، ئۇنـى جَـرّ قىلىدىغان إِسْمدۇر. بىرىنچى إِسْم بولسا مُضَاف (ئېنىقلانغۇچى)، ئىككىنـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



يجر الثانى ويسمى الاول مضافا والثانى مضافا اليه. والإضافة① إمّا بمعنى اللام نحو غلام زيد، او بمعنى من نحو خاتم فضة، او بمعنى فى نحو ضرب اليوم. والإسم التـام② وهو كل اسم مستغن عن الإضافة

---

ـچى إِسْم بولسا مُضَافٌ إِلَيْهِ (ئىنىقلىغۇچى) دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: غُلَامُ زَيْدٍ (زَيْدنىڭ قۇلى).

① مۇھىم نۇقتا: إِضَافَة مَعْنَوِيّة ئۈچ خىل مەنىدە كېلىدۇ: 1) إِضَافَة ـــ لَام إِخْتِصَاص مەنىسىدە. بۇنىڭ ئالامىتى شۇكى، مُضَافٌ إِلَيْه ـــ مُضَافنىڭ جىنسىدىن بولمىسا ھەم ئۇنىڭ قاچىسى بولمىسا إِضَافَة ـــ لَام مەنىسىدە بولىدۇ. مەسىلەن: غُلَامُ زَيْد. ئەسلىسى غُلَامٌ لِزَيْد (زَيْدنىڭ قۇلى). 2) إِضَافَة ـــ مِنْ بَيَانِيَّة مەنىسىدە. مُضَاف ـــ مُضَافٌ إِلَيْهنىڭ جىنسىدىن بولسا، إِضَافَة ـــ مِنْ بَيَانِيَّة مەنىسىدە بولىدۇ. مەسىلەن: خَاتَمُ ذَهَب. ئەسلىسى خَاتَمٌ مِنْ ذَهَب (ئالتۇن ئۈزۈك). 3) إِضَافَة ـــ فِيْ ظَرْفِيَّة مەنىسىدە. بۇنىڭ ئالامىتى شۇكى، مُضَافٌ إِلَيْه ـــ مُضَافنىڭ قاچىسى بولسا، إِضَافَة ـــ فِيْ مەنىسىدە بولىدۇ. مەسىلەن: ضَرْبُ اللَّيْلِ. ئەسلىسى ضَرْبٌ وَاقِعٌ فِي اللَّيْلِ (كېچىدە يۈز بەرگەن ئۇرۇش).

إِضَافَة ئىككى خىل: بىرى، إِضَافَة مَعْنَوِيّة. بۇنىڭ ئالامىتى شۇكى، مُضَاف ـــ صفَة بولمايدۇ. مەسىلەن: غُلَامُ زَيْد. بۇنىڭ پايدىسى مُضَافٌ إِلَيْه ـــ مَعْرِفَة بولسا، مُضَافنىڭ مَعْرِفَةلىكىنى ھاسىل قىلىدۇ، مەزكۇر مىسالدەك. ئەگەر مُضَافٌ إِلَيْه ـــ نكرة بولسا، مُضَافنىڭ خاسلىقىنى ھاسىل قىلىدۇ، غُلَامُ رَجُلٍ دېگەندەك. يەنە بىرى، إِضَافَة لَفْظِيّة. بۇنىڭ ئالامىتى شۇكى، مُضَاف ئۆزىنىڭ مَعْمُوْلىغا مُضَاف بولغان صِفَة بولىدۇ. مەسىلەن: ضَارِبُ زَيْدٍ. بۇنىڭ پايدىسى تىلغا يەڭگىللىك ھاسىل قىلىشتۇر.

② إِسْم تامّ ـــ إِضَافَةتىن بىھاجەت پۈتۈن إِسْم بولۇپ، بۇنىڭ ئەملى تَمْيِيْزنى نَصْب قىلىشتۇر.



وهذا الإسم تنصب المميِّز. وتماميته باحد من اربعة أشياء①. التنوين نحو عندى راقود خلا. ونون التثنية نحو عندى منوان سمنا وقفيزان برا. ونون الجمع نحو عندى عشرون درهما. والإضافة نحو عـندى ملأ الإناء عسلا②. ويسمى المنصوب تمييزا③، وهو ما يرفع الإبهام عن مفرد او عن جملة نحو طاب زيد نفسا. والمعنويـة④ منها

---

① إِسْم تۆت خىل نەرسىنىڭ بىرى بىلەن پۈتۈنلىشىدۇ: 1) تَنوين. يەنى، إِسْم تەنۋىنلىشىپ بولغاندىن كېيىن پۈتۈنلەشكەن بولىدۇ. مەسىلەن: عِنْدِيْ رَطْلٌ زَيْتًا (مەندە بىر قاداق زەيتۇن يېغى بار). 2) تَثْنِيَةنىڭ نۇنى. يەنى، إِسْمغا تَثْنِيَةنىڭ نۇنى قوشۇلغاندىن كېيىن پۈتۈنلەشكەن بولىدۇ. مەسىلەن: عِنْدِيْ مَنَوَانِ سَمْنًا (مەندە ئىككى كەمچەن سېرىق ماي بار). 3) جَمْعنىڭ نۇنى. يەنى، إِسْمغا جَمْعنىڭ نۇنى قوشۇلغاندىن كېيىن پۈتۈنلەشكەن بولىدۇ. مەسىلەن: عِنْدِيْ عِشْرُوْنَ دِرْهَمًا (مەندە يىگىرمە دىرھەم بار). 4) إِضَافَة. يەنى، مُضَاف بولغان إِسْمغا مُضَافٌ إِلَيْهنى قوشقاندىن كېيىن پۈتۈنلەشكەن بولىدۇ. مەسىلەن: لِيْ مِلْءُ الْإِنَاءِ عَسَلًا (مېنىڭ لىق بىر قاچا ھەسەلىم بار).

② مۇھىم نۇقتا: مىسالدىكى رَطْلٌ، مَنَوَانِ، عِشْرُوْنَ، مِلْءُ دېگەن پۈتۈن إِسْملار ئۆزىنىڭ تَمْيِيْزِى بولغان إِسْم نكرة، يەنى زَيْتًا، سَمْنًا، دِرْهَمًا، عَسَلًانى نَصْب قىلدى.

③ تَمْيِيْز ـــ مُفْرَد ياكى جُمْلَةدىكى مۇجمەللىكنى يورۇتۇپ بەرگۈچى نكرة إِسْمدۇر.

④ عَامِل مَعنويّ (كۆڭۈلدىكى يوشۇرۇن عَامِل) ئىككى: 1) مُبْتَدَأ ۋە خَبَرنىڭ عَاملى. بۇنىڭدىكى يوشۇرۇن عَامِل پەرىزىمىزدە إِبْتِدَاء، يەنى «إِسْم ـــ عَامِل لَفْظِيّدىن خالىي بولۇش» دېگەن ئۇقۇمدۇر. مەسىلەن: عَبْدُ

عددان، **العاملُ** فى المبتدأ والخبر اى عاملُ الرفع، وهو تجرُّدهما عن العوامل اللفظية للاسناد نحو العلم حسن والجهل قبيح. **والعامل** فى الفعل المضارع اى عاملُ الرفع وهو وقوعه موقع الإسم نحو زيــد يضرب فى موقع زيد ضارب①. فهذه مائة عامل، لا يستغنى الصغير والكبير② عن معرفتها وإستعمالها على حسب ما بيناه ﷺ.

---

الْبَاسِط مُجَوِّدٌ (عَبْدُ الْبَاسِط تەجۋىدلىك قارى). عَبْدُ الْبَاسِط ـــ مُبْتَدَأ، مُجَـوِّدٌ ـــ خَبَر بولۇپ، ئىككىسىنى رَفْع قىلغۇچى كۆڭۈلدىكى يوشۇرۇن عَامِل ـــ إِبْتِدَاءتۇر. 2) فِعْل مُضَارِعنىڭ عَامِلى. بۇنىڭدىكى يوشۇرۇن عَامِل پەرىزىمىزدە «فِعْل مُضَارِع ـــ إِسْـم فـاعلنىـڭ ئورنىـدا كېلىش» دېگەن ئۇقۇمـدۇر. مەسىلەن: عَبْدُ السَّلَامِ يَسْتَنْبِطُ (عَبْدُ السَّلَامِ كەشىپ قىلىدۇ). يَسْـتَنْبِطُنىـڭ ئورنىدا مُسْتَنْبِطٌمۇ كېلەلەيدۇ (عَبْدُ السَّلَامِ مُسْتَنْبِطٌ). بۇ مىسالدا يَسْـتَنْبِطُنىـڭ مَعْنَوِيّ عَامِلى فِعْل مُضَارِع ـــ إِسْم فاعلنىڭ ئورنىدا كېلىشىدۇر.

① مۇھىم نۇقتا: 1) فِعْل مُضَارِعنىڭ عَامِلى ئىككى خىل: بىـرى عَامِل لَفْظِيّ، يەنە بىرى عَامِل مَعْنَوِيّ. 2) عَامِل لَفْظِيّ يەنـە ئىككـى خـىل: بىـرى، جَزْم قىلغۇچ عَامِل. يەنە بىرى، نَصْب قىلغۇچ عَامِل. 3) عَامِل لَفْظِيّ بار يـەردە عَامِل مَعْنَوِيّگە ئەمەل يوق. چۈنكى عَامِل مَعْنَوِيّ ـــ عَامِل لَفْظِيّدىن خېلىلا ئاجىز. 4) فِعْل مُضَارِعنىڭ عَامِل لَفْظِيّلىرى تېپىلمىغاندا، عَامِل مَعْنَوِيّ كېـلىپ رَفْع ئەمەل قىلىدۇ. ئىبارەتلەردە فِعْل مُضَارِعنىڭ عَامِل مَعْنَوِيّ بىلـەن كېلىپ رَفْع بولۇشى كۆپتۇر.

② صغير ـــ ئىپتىدائى ئوقۇغۇچىنى، كبير ـــ ئالىمنى كۆرسىتىدۇ، والله اعلم.

www.uyghurkitap.com





## 4 ـ قىسىم

# حركات الاعراب

﴿إِنَّآ أَنزَلۡنَٰهُ قُرۡءَٰنًا عَرَبِيّٗا لَّعَلَّكُمۡ تَعۡقِلُونَ﴾

﴿سىلەرنى (ئۇنىڭ مەنىسىنى) چۈشەنسۇن دەپ، بىز ئۇنى ھەقىقەتەن ئەرەبچە قۇرئان قىلدۇق﴾

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

**حركات الإعراب① تسمى الرفع والنصب والجر، وهي الحركات المختلفة التي تحدث في اٰخر الإسم بعواملَ مختلفة تدخل**

---

① **إعْرَاب ۋە بنَاء توغرىسىدا:**

«حَرْكَاتُ الإِعْرَابِ»تىكى إِضَافَة ــــ إِضَافَة بَيَانِيَّةدۇر، يەنى اَلْحَرْكَاتُ الَّــتِيْ هِيَ الْإِعْرَابُ.

زىر، زەبەر، پىش ــــ حَرْكَة دېيىلىدۇ.

عَامِل سەۋەبلىك إِسْم مُعْــرَبنىڭ ئاخىرى بەلگىلىك ئۆزگەرگەنلىك إِعْرَاب دېيىلىدۇ.

إِسْم چوڭ جەھەتتە ئىككىگە بۆلىنىدۇ: بىرى، إِسْم مُعْرَب. يەنە بىرى، إِسْم مَبْنِيّ.

**إِسْم مُعْرَب** ــــ فِعْل مَاضِــي، لامىسىز أَمْــر ۋە حَــرْفتىن ئىبارەت ئۇچىدىن بىرەرسىگە ئوخشاشلىقى يوق ھەم ئاخىرى داۋاملىق ئۆزگىرىشچان بولغان يۇمشاق إِسْمدۇر. مەسىلەن: جآءَ رَجُلٌ وَرَأَيْتُ رَجُلًا وَمَرَرْتُ بِرَجُلٍ.

**إِسْم مَبْنِيّ** ــــ حرفكە ئوخشاشلىقى بار ھەم ئاخىرى ئۆزگەرمەيدىغان قاتما إِسْمدۇر. مەسىلەن: جآءَ هٰؤُلَآءِ وَرَأَيْتُ هٰؤُلَآءِ وَمَرَرْتُ بِهٰؤُلَآءِ.

تۆپ مَبْنِيّ ئۈچ: فِعْل مَاضِي، لامىسىز أَمْر ۋە حرف.

دېمەك، قانداق بىر كەلىمە ھەر قايسى جەھەتتىن مۇشۇ ئۈچىنىڭ بىرىگە ئوخشىسا، ئۇ مَبْنِيّ (قاتما) ھېسابلىنىدۇ.



**عليه، كقولك جاءني الرجل ورأيت الرجل ومررت بالرجل. وحركات البناء تسمى الضم والفتح والكسر①، وهي الحركات التي تبنى عليها الأسماء، لا ان تحدث بعوامل مختلفة، كقولك مــن حيثُ ومن قبل ومن بعد وكيف واين وهؤلاء وامس. وكذلك كل حركة وقعت فى اوّل الكلمة او فى وسطها فهي بنائيّــة. فصل فى**

---

① **مۇھىم نۇقتا:** رَفْع، نَصْب ۋە جَرّ ــــ إِسْم مُعْــرَبنىڭ حَرْكَــتىنى ئاتاشقىلا ئىشلىتىلىپ، حَرْكَةلىك إِعْرَاب ۋە حرفلىك إِعْرَاب ــــ ئىككىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاگاھ بولۇڭكى، بۇ ئۈچى إِسْم مَبْــنِيّنىڭ حَرْكَــتىنى ئاتاشقا ھەرگىز ئىشلىتىلمەيدۇ.

**حَرْكَةلىك إِعْــرَاب** ــــ زىر، زەبەر ۋە پىشتىن ئىبارەتتۇر. مەسىلەن: رَجُلٌ، رَجُلًا، رَجُلٍ.

**حرفلىك إِعْرَاب** ــــ وَاو، اَلِف، يَـاءدىن ئىبارەتتۇر. مەسىلەن: مُسْلِمَانِ، مُسْلِمَيْنِ، مُسْلِمُوْنَ، مُسْلِمِيْنَ.

دىققەت: حَرْكَةلىك إِعْرَاب اَصْلدۇر، حرفلىك إِعْرَاب ئۇنىڭ فَرْعىسىدۇر.

ضَمّ، فَتْح ۋە كَسْر (ھاءسىز بولغىنى) ــــ إِسْم مَبْنِيّنىڭ حَرْكةىنى ئاتاشقىلا ئىشلىتىلىدۇ. ئادەتتە بۇلار بىلەن إِسْم مُعْرَبنىڭ حَرْكةىنى ئاتاشقا بولمايدۇ.

ئەسكەرتىش: ضَمَّة، فَتْحَة ۋە كَسْرَة (ھاء بىلەن كەلگىنى) كۆپىنچە إِسْم مَبْنِيّنىڭ، ئاز ساندا إِسْم مُعْرَبنىڭ إعرابى حَرْكةلىك بولغىنىنىڭ حَرْكةىنى ئاتاشقا ئىشلىتىلىدۇ. مەزكۇر مىسالدەك.

ھەرقانداق سۆزنىڭ باش ۋە ئوتتۇرا ھەرپىمۇ مَبْنِيّ بولىدۇ. مەسىلەن: رَجُل. بۇنىڭدا رَاء فَتْح، جِيْم ضَمّ ۋە ئاخىرقى ھەرپى لَام ــــ رَفْعدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



**إسم المعرفة والنكرة[1]. فالمعرفة هو الذي كان مسمّاه معلومــا، وعلامته فى أسماء الأجناس الالفُ واللام والإضافة، كقولك الرجل**

① **مَعْرِفة ۋە نَكِرَة توغرىسىدا:**
إسم يەنە ئىككى خىل: بىرى، مَعْرِفَة (ئېنىقلىق ھالەتتىكى إسم). يەنە بىرى، نَكِرَة (ئېنىقسىز ھالەتتىكى إسم).
بۇ ئىككىسىدىن نَكِرَة ئەسلىدۇر. چۈنكى مَعْرِفَة ـــ نَكِرَەنىڭ تارمىقىدۇر.
**مَعرِفَة** ـــ مەلۇم كىشى ياكى مەلۇم شەيئىنى بىلدۈرىدىغان مۇئەييەن إسم بولۇپ، ئۇ يەتتە خىل: 1) **عَلَم** ـــ كىشى، قەبىلە، شەھەر، شەيئى، ئورۇن قاتارلىقلار ئۈچۈن مەخسۇس قوللىنىلىدىغان خاس إسم. مەسىلەن: زَيْدٌ، مَكَّةُ، فُرَاتٌ. 2) **ضَمِيْر** ـــ مُتَكَلِّم، مُخَاطَب، غَائِب قاتارلىقلار ئۈچۈن مەخسۇس قوللىنىلىدىغان كىشىلىك ئالماش. مەسىلەن: أَنَا (مەن)، أَنْتَ (سەن)، هُوَ (ئۇ). 3) **إسم إشَارَة** ـــ مەلۇم بىر نەرسىگە ئىشارەت قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان كۆرسىتىش ئالماش. مەسىلەن: هٰذَا (بۇ)، ذٰلِكَ (ئاۋۇ). 4) **إسم مَوْصُوْل** ـــ بېقىندى جۈملىگە قوشۇلماستىن جۈملىنىڭ بىر بۆلىكى بولالمايدىغان، ئەمما ئۇنىڭغا بېقىندى جۈملە ئۇلانغاندىن كېيىن، جۈملىنىڭ بىر بۆلىكى بولۇپ، مۇئەييەن بىر شەيئىنى بىلدۈرىدىغان نىسبىي ئالماش. مەسىلەن: أَلَّذِيْ، أَلَّتِيْ. 5) **مُعَرَّف بِاللام** ـــ ئالدىغا الف لام قوشۇلۇش ئارقىلىق ئېنىقلىققا ئايلانغان إسم. مەسىلەن: اَلرَّجُلُ (ھېلىقى ئادەم). 6) مَعْرِفَةگە **مُضَاف** بولۇپ كەلگەن إسم. مەسىلەن: غُلَامُ زَيْد (زەيدنىڭ قۇلى). 7) **نِدَاء** بىلەن مَعْرِفَة قىلىنغان إسم. مەسىلەن: يَا رَجُلُ.
دېمەك، مەزكۇر يەتتە نەرسە إسمنىڭ مَعْرِفَة ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر.



**والغلام والفرس وغلامك وفرسك. والنكرة[1] هو الذي كان مسماه مجهولا، وعلامته فى أسماء الأجناس التجرُّد عن الالف واللام والإضافة، كقولك رجل وغلام وفرس. فصل التنوين والالــف واللام لا يجتمعان فى إسم واحد[2]، تقول غلامٌ او الغلامُ ولا يجوز ان تقول الغلامٌ بالتنوين. فصل الإسم[3] الذي يدخله التــنوين**

① **نَكِرَة** ـــ مۇئەييەن ئەمەس كىشى ياكى شەيئىنى بىلدۈرىدىغان إسم بولۇپ، ئۇنى مۇنداق دېيىشمۇ بولىدۇ: نَكِرَة ـــ الف لام قوشۇلسا، مَعْرِفَةگە ئايلىنىدىغان إسمدۇر. مەسىلەن: رَجُل (بىر ئەر). ئۇنىڭ ئالامىتى إسم ـــ الف لام ۋە إِضَافَةتىن خالىي بولۇشتۇر.

② **تەنۋىن ۋە الف لام توغرىسىدا:**
تەنۋىن ۋە الف لام ـــ بىر إسمدا جەمئىي بولالمايدۇ. چۈنكى إسمغا الف لام داخىل بولغاندا، ئۇنى تەنۋىنلىك قىلىش دۇرۇس ئەمەس. مەسىلەن: اَلْغُلَامٌ دېيىش دۇرۇس ئەمەس، غُلَامٌ دېيىش دۇرۇس.

③ **إسْم مُعْرَبنىڭ تۈرلىرى ۋە إسْم مَبْنِيّ توغرىسىدا:**
**إسْم مُعْرَب** ئىككى خىل: بىرى، مُنْصَرِف. يەنە بىرى، غَيْر مُنْصَرِف.
**مُنْصَرِف** ـــ ئاخىرى ئۈچ حَرْكَة (زىر، زەبەر، پىش) ۋە تەنۋىن (قوش حَرْكَة) بىلەن كەلگەن ھەم عَامِلغا بويسۇنۇشچان إسمدۇر. مەسىلەن: زَيْدٌ.
**غَيْر مُنْصَرِف** ـــ (غَيْر مُنْصَرِف بابىدا تونۇلغان) توققۇز سەۋەبتىن ئىككىسى بىرلا ۋاقىتتا تېپىلغان ياكى شۇ ئىككى سەۋەبنىڭ ئورنىنى باسقۇدەك كۈچلۈك بىر سەۋەب تېپىلغان ھەمدە ئاخىرى كَسْرَة ۋە تەنۋىن بولمايدىغان، شۇنداقلا كَسْرَةنىڭ ئورنىدا ھەردائىم فَتْحَة بولىدىغان إسمدۇر. مەسىلەن: هٰذَا اَحْمَدُ، رَأَيْتُ اَحْمَدَ، مَرَرْتُ بِاَحْمَدَ.

والحركات الثلٰث جميعا يسمى منصرفا، كقولك هذا رجل ورأيت رجلا ومررت برجل. والذي يدخله الرفع والنصب فقط، ولا يدخله التنوين وانما ينصب في موضع الجر يسمى غير منصرف، كقولك هذا احمد ورأيت احمد ومررت باحمد. والذي لا يدخله التنوين والحركات الثلث جميعا يسمى مبنيّا، كقولك مَنْ وكم وهؤلاء وامس. **فصل** إذا كان في اٰخر الإسم الف مقصورة[①] لم يظهر فيه الإعراب، كقولك هذا الرحى ورأيت الرحى ومررت

---

إسْم مَبْنِيّ ـــ تەنۋىن ۋە ئۈچ ھەرىكەتنىڭ ھېچبىرى داخىل بولـ ـمايدىغان، ھەرىكە ئوخشاشلىقى بار إسمدۇر. مەسىلەن: مَنْ، كَمْ، أَمْسِ.

① إسمنىڭ يەنە بىر تۈرى ـــ إسم مقصُور توغرىسىدا:
إسم مقصُوْر ـــ ئاخىرى قىسقا اَلِفلىق إسمدۇر.
بۇنىڭ إعْرَاب ھەرپىدە ئاجىرىماس اَلِف بولىدۇ. بۇ «إعْـرَاب ھەرپى» دېگەن قەيتتىن إذَاغا ئوخشاشلارنىڭ مَبْنِيّ اَلِفى چىقىپ كېتىدۇ. چۈنـ ـكى، ئۇ مَبْنِيّ اَلِفتۇر.
«ئاجىرىماس اَلِف» دېگەن قەيتتىن اَلزَّيْدَاندەك تَثْنِيَة إسمنىڭ اَلِفى چىـ ـقىپ كېتىدۇ. چۈنكى، بۇنىڭ اَلِفى نَصْب ۋە جَرّ ھالەتتە يَاءغا ئۆرىلىدۇ.
ئەلھاسىل، إسم مَقْصُوْرنىڭ اَلِفى ئاجىرىماس مُعْرَب اَلِفتۇر.
بۇ تۈردىكى إسمنىڭ ھۆكمى شۇكى، إعْرَاب ئاشكارا بولماي، بەلكى تَقْدِيْري (پەرەزىي) بولىدۇ. مەسىلەن: هٰذَا الرَّحٰي وَرَأَيْتُ الرَّحٰي وَمَرَرْتُ بِالرَّحٰي (تۈگمەن).
بىلىۋېلىڭكى، «تَقْدِيْري» دېگەن سۆز نەھۋى ئىستىلاھىدا مُعْرَبنى ئاتاشقىلا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن مَبْنِيّنى ئاتاشقا بولمايدۇ.
ئاگاھ بولۇڭكى، إسم مَقْصُوْرنىڭ ئاخىرىدا «يَاء» يېزىلغان بولسىمۇ، ئۇنى «اَلِف» دەپ بىلىڭ.



بالرحى. **فصل** اذا ثنّي الإسم[①] الحق باٰخره الف ونون مكسورة، او ياء مفتوحة ما قبلها ونون مكسورة، كقولك رجلان ورجلين وغلامان وغلامين. الالف علامة الرفع في التثنية، والياء علامة النصب والجر، تقول جاءني غلامان وهذان رجلان، كما تقول جاءني غلام وهذا رجل ورأيت غلامين، كما تقول رأيت غلاما ومررت بغلامين، كما تقول مررت بغلام. **فصل** الجمع[②] على

---

① إسم مُعْرَبنى تَثْنِيَة قىلىش توغرىسىدا:
إسم مُعْرَبنى تَثْنِيَة (ئىككىلىك) قىلىش ئۈچۈن، ئاخىرىغا اَلِف بىلەن كَسْرَةلىك نۇن ياكى ئالدى تەرەپ فَتْحَة ئوقۇلغان سۇكۇنلۇق يَاء بىلەن كَسْرَةلىك نۇن ئەكېلىش لازىم. مەسىلەن: رَجُلَانِ، رَجُلَيْنِ.
تَثْنِيَةنىڭ نۇنى ھەردائىم كَسْرَة بولىدۇ.
تَثْنِيَةدىكى «اَلِف» ـــ رَفْعنىڭ، «يَاء» ـــ نَصْب بىلەن جَرّنىڭ ئالامـ ـتىدۇر. مىسالنى تېكىستتىن كۆرۈۋېلىڭ.

② جَمْع توغرىسىدا:
جَمْع ئىككى خىل: بىرى، جَمْعُ التَّكْسِيْرِ. يەنە بىرى، جَمْعُ التَّصْحِيْحِ.
جَمْعُ التكسيْرِ ـــ كۆپلۈككە ئايلاندۇرغاندا وَاحِدنىڭ سۈرىتى ئۆزگىرىپ، ئىككىدىن كۆپ نەرسىگە دالالەت قىلغان إسمدۇر.
وَاحِدنىڭ سۈرىتى ئۆزگىرىش تَقْدِيْري بولىدۇ. مەسىلەن: فُلْك. بۇنىڭ مُفْرَدىمۇ ۋە جَمْعىسىمۇ فُلْك؛ ياكى، ئاشۇرۇش بىلەن لَفْظِيّ بولىدۇ. مەسىـ ـلەن: صِنْوٌ ← صِنْوَانٌ. ياكى، كېمەيتىش بىلەن بولىدۇ. مەسىلەن: تُخْمَةٌ ← تُخَمٌ؛ ياكى، شەكلىنى ئۆزگەرتىش بىلەن بولىدۇ. مەسىلەن: أَسَدٌ ← أُسْدٌ؛ ياكى، ئاشۇرۇش ۋە شەكلىنى ئۆزگەرتىش بىلەن بولىدۇ. مەسىلەن: رَجُلٌ ← رِجَالٌ؛ ياكى، كېمەيتىش ۋە شەكلىنى ئۆزگەرتىش بىلەن بولىدۇ. مەسىلەن: رَسُوْلٌ ← رُسُلٌ.

www.uyghurkitap.com



ضربين، جمع التكسير وجمع التصحيح. فجمع التكسير ما تكسَّــر فيه نظم الواحد، كقولك رجال فى جمع رجل. وجمع التصحيح ما سلم فيه نظم الواحد، كقولك مسلمون فى جمع مسلم. **فصل** كل إسم إذا جمع جمع السلامة① الحق بآخره واو مضموم ما قبلها ونون

---

جَمْعُ التكسيْر ئىككى خىل: بىرى، جَمْع قِلَّة. يەنە بىرى، جَمْع كَثْرَة.

جَمْع قِلَّة ـــ ئۈچتىن ئونغىچە دالالەت قىلىدۇ. بۇنىڭ مىساللىرىنى نۆۋىتى كەلگەندە كۆرسىتىمىز.

جَمْع كَثْرَة ـــ ئوننىڭ يۇقىرىغا دالالەت قىلىدۇ.

جَمْعُ التَّصْحِيْح ـــ كۆپلۈككە ئايلاندۇرغاندا وَاحِد سۈرىتى سالامەت قالغان إسمدۇر. مەسىلەن: مُسْلِمٌنىڭ كۆپلىكى مُسْلِمُوْنَدۇر. بۇ، جَمْع سَلامَة دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

① جَمْع سَلامَة توغرىسىدا:

كَلِمَةنى جَمْع سَلامَة بويىچە كۆپلۈككە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاخىرغا ئالدىدىكى ھەرپ ضَمَّة ئوقۇلغۇچى سۈكۇنلۇق وَاو بىلەن فَتْحَەلىك نۇن ياكى ئالدىدىكى ھەرپ كَسْرَة ئوقۇلغۇچى سۈكۇنلۇق يَاء بىلەن فَتْحَەلىك نۇن ئەكېلىش لازىم. مەسىلەن: زَيْدُوْنَ زَيْدِيْنَ، مُسْلِمُوْنَ مُسْلِمِيْنَ.

«وَاو يَاء» بىلەن جَمْع قىلىشنىڭ شەرتى ئىككى: 1) إسْم جَامِد بولۇش. بۇنىڭ شەرتى مُؤَنَّثنىڭ تَاءسىدىن ۋە بىرىكمە سۆز بولۇشتىن خالىي ھەم ئەقلى بار مُذَكَّر عَلَم بولۇشتۇر. مەسىلەن: زَيْدُوْنَ زَيْدِيْنَ. ئەگەر عَلَم بولمىسا (رَجُلدەك)، ياكى، مُؤَنَّثنىڭ تَاءسى بار عَلَم بولسا (طَلْحَةدەك)، ياكى، مُؤَنَّث عَلَم بولسا (زَيْنَبتەك)، ئۇ چاغدا «وَاو يَاء» بىلەن جَمْع قىلىنمايدۇ. 2) صفَة بولۇش. بۇنىڭ شەرتى مُؤَنَّثنىڭ تَاءسىدىن خالىي ھەم ئەقلى بار مُذَكَّرنىڭ سۈپىتى بولۇشتۇر. مەسىلەن: مُسْلِمُوْنَ مُسْلِمِيْنَ.

ئەگەر بۇ صفَة ـــ أَفْعَلَ فَعْلَاءَ ← أَحْمَرَ حَمْرَاءَ، فَعْلَانَ فَعْلَي ← سَكْرَانَ سَكْرٰي بابىدىن بولسا ياكى مُذَكَّر، مُؤَنَّثلىكتە باراۋەر بولسا (رَجُلٌ جَرِيْحٌ، إمْرَأَةٌ جَرِيْحٌغا ئوخشاش)، يەنىلا «وَاو يَاء» بىلەن جَمْع قىلىنمايدۇ.



مفتوحة، او ياء مكسورة ما قبلها ونون مفتوحة. فالواو علامــة الرفع في الجمع كالالف في التثنية، والياء علامة النصب والجــر، تقول جاءني مسلمون ورأيت مسلمين ومررت بمسلمين وهذا الجمع يختص بالعقلاء. واما جمع التكسير فيكون فيهم وفي غيرهم. **فصل** كل جمع على وزن افعل①، كافلس وافعال كافراخ، وافعلة كالسنة، وفعلة كغلمة، فهو جمع قلّة. والمراد بجمع القلة العشــرةُ وما دونها②. **فصل** جمع الجمع③ لا يصح إلا في جموع القلة،

---

جَمْعدىكى «وَاو» ـــ رَفْعنىڭ، «يَاء» ـــ نَصْب بىلەن جَرّنىڭ ئالامىتىدۇر. مىسالنى تېكىستتىن كۆرۈۋېلىڭ.

سوئال: تَثْنِيَة ۋە جَمْعنىڭ نۇنى نەدىن كەلگەن؟

جاۋاب: مُفْرَد ھالىتىدە تىلغا ئېلىنىپ، خەت يۈزىدە كۆرۈنمىگەن قوش نۇن ـــ تَثْنِيَةدە ئاشكارىلانغاندۇر.

تَثْنِيَة ۋە جَمْعنىڭ «نۇن»ى إضَافَة قىلىنغاندا ساقىت بولىدۇ. مەسىلەن: غُلَامَا زَيْد، مُسْلِمُوْ مِصْر.

① جَمْع قِلَّة توغرىسىدا:

جَمْع قِلَّةنىڭ ۋەزنىسى تۆت: أَفْعُلٌ ← أَفْلُسٌ (ياماق پۇل)، أَفْعَالٌ ← أَفْرَاخٌ (چۈجىلەر)، أَفْعِلَةٌ ← أَلْسِنَةٌ (تىللار)، فِعْلَةٌ ← غِلْمَةٌ (غۇلاملار).

② مۇھىم نۇقتا: جَمْع كَثْرَة ۋە جَمْع قِلَّەلەرنى مَجَاز بويىچە بىر-بىرىنىڭ ئورنىدا ئالماشتۇرۇپ ئىشلەتكىلىمۇ بولىدۇ.

③ جَمْع قِلَّةنىڭ يەنە بىر تۈرى:

جَمْع قِلَّة بىر قېتىم كۆپلۈككە ئايلىنىپ بولغان بولسىمۇ، صِيْغَة مُنْتَهَي الْجُمُوْعِ ۋەزنىسگە ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن، يەنە بىر قېتىم جَمْع قىلىش دۇرۇس. قالغان جَمْعلەرنى مۇنداق قىلىش دۇرۇس ئەمەس. مەسىلەن:

كقولهم اكلب واكالب وانعام واناعيم واسورة واساورة. **فصل** يقال① ما احسن رؤسهما وما اعظم بطونهما على لفظ الجمع. والمراد رأسيهما وبطنيهما. وفي القراٰن ﴿ فَقَدۡ صَغَتۡ قُلُوبُكُمَاۖ ﴾ أي قلباكما. وإنما يجوز ذلك في الأشياء المتصلة دون المنفصلة. فاما في المنفصلة فإنك تقول ما احسن فرسيهما وداريهما. **فصل** الجمع

---

أَكْلُبٌ ← أَكَالِبُ (ئىتلار)، أَنْعَامٌ ← أَنَاعِيْمُ (ئائىلە ھايۋانلىرى)، أَسْوِرَةٌ ← أَسَاوِرَةُ (بىلەيزۈكلەر).

① لَفْظى ئۆزئارا تۇتاشقان ئىككى كەلىمىنى إضافة قىلىش توغرىسىدا:

بۇنداق كەلىمىلەرنى إِضَافَة قىلىشتا، مُضَاف — تَثْنِيَة ھەمدە مُضَافٌ إِلَيْهِ — تَثْنِيَة ضَمِيْر بولغان تەقدىردە، مُضَافنى جَمْع ياكى مُفْرَد صِيْغَة‌دە كەلتۈرۈش دۇرۇس، لېكىن جَمْع صِيْغَة كەلتۈرگەن ئەۋزەل. مەسىلەن: مَا أَحْسَنَ رُؤُسَهُمَا (ئۇ ئىككىسىنىڭ بېشى ئەجەب چىرايلىقكىنا!). بۇ مىسالدا مُضَاف بولغان «رُؤُس» جَمْع صِيْغَة، مُضَافٌ إِلَيْهِ بولغان «هُمَا» تَثْنِيَة ضَمِيْر.

بۇنىڭ سەۋەبى، لَفْظِيّ ۋە معنويّ جەھەتتىن تۇتاشلىقى كۈچلۈك ئىككى تَثْنِيَة‌نىڭ بىرلىكتە كېلىشى ياخشى ئەمەس. مەزكۇر مىسالدىكى كەلىمىلەردە إِضَافَة‌تە لَفْظِيّ جەھەتتىن تۇتاشلىق بار. مُضَافنىڭ مەنىسى مُضَافٌ إِلَيْهِ‌نىڭ بىر قىسمى بولۇشتا معنويّ جەھەتتىن تۇتاشلىق بار.

ئەگەر مُضَافٌ إِلَيْهِ بىر قاراشقا تَثْنِيَة‌گە ئوخشاپ قالسا، مُضَافنى مُفْرَد كەلتۈرۈش ئەۋزەل. مەسىلەن: ﴿ عَلَىٰ لِسَانِ دَاوُۥدَ وَعِيسَى ٱبۡنِ مَرۡيَمَۚ ﴾.

ئۆزئارا تۇتاشمىغان كەلىمىلەرنى إِضَافَة قىلىغاندا ئەھۋال ئۇنداق بولمايدۇ. مىسالنى تېكىستتىن كۆرۈۋېلىڭ.



الذي بينه وبين واحده يفرق① بالتاء، كنخلة ونخل وتمرة وتمر وصخرة وصخر وبطيخة وبطيخ. وهذا الجمع يختص بالأشياء المخلوقة دون المصنوعة. **فصل** الإسم② الذي كان في اٰخره ياء مكسور ما قبلها كقاض وغاز إذا جمع جمع السلامة، حذف يائه وضم ما قبلها في حال الرفع، وكسر ما قبلها في حال النصب والجر، فقيل هم قاضون وغازون ورأيت قاضين وغازين ومررت بقاضين وغازين، وكذلك المصطفُون والمرتضون والمصطفَين والمرتضين وما اشبه ذلك. **فصل** الإسم③ الذي كان في اٰخره الَف

---

① وَاحد ۋە جَمْع‌دىكى پەرق توغرىسىدا:

بەزى إِسم‌لارنىڭ جَمْعِسى بىلەن وَاحدى «تَاء»غا قاراپ ئايرىلىدۇ. مەسىلەن: نَخْلَةٌ (بىر تۈپ خورما) ←نَخْلٌ (خورمىزارلىق). «تَاء» بىلەن كەلگىنى وَاحِدنى، «تاء»سىز كەلگىنى كۆپلۈكنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ الله تعالى ياراتقان شەيئىلەرگە خاس ھۆكۈم بولۇپ، بەندىلەردىن سادىر بولغان شەيئىلەر ئۇنداق بولمايدۇ.

② إسم مَنْقُوْص توغرىسىدا:

إسم منقوْص — ئاخىرى يَاءلىق، ئۇنىڭ ئالدى زىرلىق إسمدۇر. مەسىلەن: قَاضٍ ۋە غَازٍ. بۇنى إِعْلال قىلغاندا مۇشۇنداق بولىدۇ.

إسم مَنْقُوْص‌نى جَمْع سَلَامَة بويىچە جَمْع قىلىشقا توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن يَاء حَذْف قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئالدى رَفْع‌لىك ھالەتتە ضَمَّة، نَصْب ۋە جَرّلىك ھالەتتە كَسْرَة ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: هُمْ قَاضُوْنَ (رَفْع‌لىك ھالەت)، وَرَأَيْتُ قَاضِيْنَ (نَصْب‌لىك ھالەت)، وَمَرَرْتُ بِقَاضِيْنَ (جَرّلىك ھالەت).

③ إسم مقصورنى جَمْع قىلىش توغرىسىدا:

إسم مَقْصُوْرنى جَمْع سَلَامَة بويىچە جَمْع قىلىشقا توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن ئاخىردىكى «اَلِف» حَذْف قىلىنىپ، ئاندىن «وَاو» بىلەن «يَاء»نىڭ

www.uyghurkitap.com



مقصورة، اذا جمع جمع السلامة يحذف الفه ويفتح ما قبل الــواو والياء جميعا، كقولهم هم اعلَون ورايت اعلين ومررت بــاعلين، وكذلك المصطفَون والمرتضَون والمصطفَين والمرتضين وما اشبه ذلك. **فصل** الإضافة① ان تجمع بين الإسمين فتجر الثانى منهما بــالاول، وتسقط التنوين من الاول، كقولك غلام زيد ودار خالد وثــوب بكر، يسمى الاول مضافا والثانى مضافا اليه. ومن حق الاول ان يجرى بوجوه الإعراب فيكون مرفوعا ومنصوبا ومجرورا. ومن حق الثانى ان يكون مجرورا ابدا، تقول جاءنى غلام زيد ورأيت غــلام زيد ومررت بغلام زيد. ولا يجوز ان تدخل الالف واللام على المضاف ويجوز دخولهما على المضاف اليه، تقول ثوب الرجل وثوب رجل ولا يجوز الثوب الرجلِ ولا الثوبُ رجلٍ②. **فصل** فان

---

ئالدى تەرىپى فَتْحَة ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: هُمْ أَعْلَوْنَ (رَفْـعلىك هالـەت)، وَرَأَيْتُ أَعْلَيْنَ (نَصْبلىك هالەت)، وَمَرَرْتُ بِأَعْلَيْنَ (جَرّلىك هالەت).

① إضَافَة توغرىسىدا:

إضَافَة ــــ ئىنىقلىغۇچى ۋە ئىنىقلانغۇچىلىق مۇناسىۋەتتىكى بىر-رىكمە بولۇپ، بۇنىڭدىكى بىرىنچى كەلىمە ئىككىنچى كەلىمىنى جَرّ قىلىدۇ. بىرىنچىسىدىن تەنۋىن، تَثْنِيَة ۋە جَمْعنىڭ نۇنى ئېلىپ تاشلىنىدۇ. بىرىنچى كەلىمە مُضَاف، ئىككىنچى كەلىمە مُضَافٌ إِلَيْهِ دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: غُلَامُ زَيْدٍ، كِتَابَا عَمْرٍو، مُسْلِمُوْ اٰبَاد.

إِضَافَة ئۈچ خىل مەنىدە كېلىدۇ. بۇنى يۈز عَامِلنىڭ «مُضَاف» قىسمىدا كۆرسەتتۇق.

② مۇھىم نۇقتا: 1) مُضَاف ئۈچ خىل إِعْرَاب بويىچە پېشلىك، زەبەرلىك، زىرلىك بولىدۇ. مُضَافٌ إِلَيْهِ ھەردائىم زىرلىقلا بولىدۇ. 2)



اضفت الإسم المثنى① الى واحد فاحذف النون، فقل جاءنى غلاما رجل فى حال الرفع ورأيت غلامى رجل فى حال النصب ومــررت بغلامى رجل فى حال الجر. وان اضفته الى ما فيه الالف واللام②، فقل جاءنى غلاما الرجل بحذف الف التثنية فى اللفظ واثباتهــا فى الخط ورأيت غلامَى الرجل ومررت بغلامى الرجل بكسر اليــاء. وان اضفت الإسم المثنى الى المثنى③، فاحذف النون ايضا، فقــل

---

مُضَافنىڭ الف لاملىق بولۇشى دۇرۇس ئەمەس. مُضَافٌ إِلَيْهِ الف لاملىق ۋە الف لامسىز ــــ ئىككى خىل ھالەتتە كېلىش دۇرۇس. مىسالنى تېـ-كىستتىن كۆرۈۋېلىڭ. 3) ئىككى إسم مەنىداش بولسا ياكى مَوْصُوْف صِفَةلىك مۇناسىۋەتتە بولسا، ئۇلارنى بىر-بىرىگە إِضَافَة قىلىش دۇرۇس ئەمەس. مەسىلەن: قُمْحُ بُرٍّ (ھەر ئىككىسى بۇغداي دېگەن مەنىدە)، رَجُلُ قَائِمٍ (قَائِم رَجُلنىڭ سۈپىتى).

① تثنِيَة إِسْمنى إِضَافَة قىلىش توغرىسىدا:

تَثْنِيَة إِسْمنى وَاحِد إسمغا إِضَافَة قىلىش توغرا كەلسە، مُضَاف بولغان تَثْنِيَةنىڭ نۇنى حَذْف قىلىنىدۇ. مەسىلەن: غُلَامَا رَجُلٍ، غُلَامَيْ رَجُلٍ. ئەسلىسى غُلَامَانِ ياكى غُلَامَيْنِ ئىدى. إِضَافَةنىڭ سەۋەبىدىن «نُوْن» چۈشۈپ كەتتى.

② تَثْنِيَة إِسْمنى الف لاملىق إسمغا إِضَافَة قىلىشقا توغرا كەلسە، رَفْعلىك ھالەتتە، تَثْنِيَةنىڭ اَلِفى تەلەپپۇز قىلىنمايدۇ، بەلكى خەت يۈزىدىلا قالدۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: جَاءَنِيْ غُلَامَا الرَّجُلِ. نَصْب ۋە جَرّلىك ھالەتتە «يَاء» كَسْرَة بىلەن كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: رَأَيْتُ غُلَامَيِ الرَّجُلِ وَمَرَرْتُ بِغُلَامَيِ الرَّجُلِ.

③ تَثْنِيَة إِسْمنى تَثْنِيَة إِسْمغا إِضَافَة قىلىش توغرا كەلسە، قائىدە بويىچە «نُوْن» حَذْف قىلىنىدۇ. مەسىلەن: غُلَامَا رَجُلَيْنِ غُلَامَيْ رَجُلَيْنِ.

جاءنى غلاما رجلين ورأيت غلامى رجلين ومررت بغلامى رجلين. وكذلك المعرفة على القياس المذكور[1]. وان اضفت الإسم المجموع[2] فاحذف النون ايضا، فقل جاءنى صالحو قومك ورأيت صالحى قومك ومررت بصالحى قومك. وان اضفته الى ما فيه الالف واللام[3] فاحذف الواو والنون جميعا فى اللفظ، فقل جاءنى صالحو القوم باثبات الواو فى الخط وإسقاطها فى اللفظ، وكذلك الياء والنون جميعا فى اللفظ، تقول رأيت صالحى القوم ومررت بصالحى القوم باثبات الياء فى الخط. **فصل** اذا انّث الإسم[4] فالحق

---

① ناۋادا تَثْنِيَة إسْم ـــ الف لاملىق إسمغا إضَافَة قىلىنسا، مەزكۇر قائىدىگە ئەمەل قَىلىنىدۇ (تَثْنِيَةنىڭ اَلفى رَفْعلىك هالەتتە تەلەپپۇز قىلىنماستىن، بەلكى خەت يۇزىدىلا قَالدۇرىلىدۇ).

② جَمْع مُذَكَّر سَالم ـــ مُضَاف بولسىمۇ «نۇن» حَذْف قىلىنىدۇ. مىسالنى تېكىستتىن كۆرۈۋېلىڭ.

③ ئەگەر جَمْع مُذَكَّر سَالِمنى الف لاملىق إسمغا إضَافَة قىلىش توغرا كەلسە، ئۇنىڭدىكى «وَاو نون» ۋە «يَاء نون» تەلەپپۇزدا حَذْف قىلىنىپ، خەت يۇزىدىلا قالدۇرىلىدۇ. مىسالنى تېكىستتىن كۆرۈۋېلىڭ.

④ إسمنى مُؤَنَّث قىلىش توغرىسىدا:

1) إسمنىڭ مُذَكَّر بولۇشى ئەسلىدۇر، مُؤَنَّث بولۇش ئۇنىڭ بىر تارمىقىدۇر. 2) إسمنىڭ مُذَكَّر بولۇشى ئەسلى بولغانىكەن، مُذَكَّرگە دالالەت قىلىدىغان بىرەر ئالامەتتىن بىهاجەتتۇر. 3) مُؤَنَّث بولۇش مُذَكَّرلىكنىڭ بىر تارمىقى بولغانىكەن، مُؤَنَّثكە دالالەت قىلىدىغان بىرەر ئالامەتكە مۇهتاجتۇر.

مُؤَنَّثلىككە دالالەت قىلىدىغان ئالامەت ئىككى: «تَاء» ۋە مُؤَنَّثنىڭ اَلِفى.



بآخره تاء مفتوحا ما قبلها، كقولك فى صالح صالحة وفى مسلم مسلمة. وتاء التأنيث يعرف بشيئين، احدهما ان يكون ما قبلها مفتوحا، والثانى ان ينقلب تائه هاء فى الوقف، كقولك فى مسلمة مسلمه وفي صالحة صالحه. **فصل** تأنيث العدد[1] من الثلثة الى

---

مُؤَنَّثنىڭ اَلفى ئىككى خىل: بىرى، اَلف مَقْصُوْرَة. مەسىلەن: سَكْرٰى. يەنە بىرى، اَلَف مَمْدُوْدَة. مەسىلەن: غَرَّاءَ.

مُؤَنَّثنىڭ تَاءسى ئىككى نەرسە بىلەن تونۇلىدۇ: بىرى، «تَاء»نىڭ ئالدىنقى هەرپى فَتْحَة بولۇش بىلەن. مەسىلەن: صَالِحَةٌ. يەنە بىرى، «تَاء» وَقْفلىك هالەتتە «هَاء»غا ئايلىنىش بىلەن. مەسىلەن: مُسْلِمَةٌدا مُسْلِمَهْ بولۇش.

① ساناق توغرىسىدا:

ئۈچتىن ئونغىچە بولغان ساناقلار سانالغۇچى إسمغا جىنس جەھەتتە قارىمۇقارشى كېلىدۇ، يەنى سانالغۇچى إسم ـــ مُؤَنَّث بولسا، ساناق مُذَكَّر لەۋزى بىلەن، سانالغۇچى إسم ـــ مُذَكَّر بولسا، ساناق مُؤَنَّث لەۋزى بىلەن بولىدۇ. قىسقا قىلىپ ئېيتقاندا، سانالغۇچى إسم ـــ مُؤَنَّث بولغاندا ساناقتىن «تَاء» تاشلىنىپ، مُذَكَّر بولغاندا «تَاء» كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: ثَلَاثُ نِسْوَة، عَشَرُ نِسْوَة ؛ أَرْبَعَةُ رِجَال، عَشَرَةُ أَقْلَام.

ساناق ئىككى خىل: بىرى، ئۈچتىن ئونغىچە بولغان ساناقنىڭ سانالغۇچىسى كۆپلۈك لەۋزى بويىچە إضَافَة بىلەن جَرّ بولىدۇ. مەزكۇر مىسالدەك.

يەنە بىرى، ئون بىردىن ئون توققۇزغىچە بولغان بىرىكمە ساناق هەممە هالەتتە فَتْحگە مَبْنِيّ بولۇپ، ئۇنىڭ سانالغۇچىسى نَصْب ۋە مُفْرَد بولىدۇ. مەسىلەن: أَحَدَ عَشَرَ كِتَابًا.

يىگىرمىدىن توقسان توققۇزغىچە بولغان ساناقنىڭ سانالغۇچىسىمۇ نَصْب ۋە مُفْرَد بولىدۇ. مەسىلەن: عِشْرُوْنَ رَجُلًا، ﴿ تِسْعٌ وَتِسْعُونَ نَعْجَةً ﴾.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



العشرة يخالف تأنيثَ الأسماء كلِّها، تقول ثلاث نسوة واربع نسوة الى قولك عشر نسوة. فتطرح تاء التأنيث من المؤنث، وهي ثابتة فى المذكر، تقول ثلثة رجال واربعة رجال الى قولك عشرة رجال①. واذا جاوزتَ العشرة، فقلت فى المؤنث احدى عشرة إمرأة وإثنتا عشرة إمرأة الى قولك تسع عشرة إمرأة، بحذف التاء من الاول واثباتها فى الثانى. وقالوا فى المذكر احد عشر رجلا واثنا عشر رجلا وثلثة عشر رجلا الى تسعة عشر رجلا، باثبات التاء فى الاول وحذفها فى الثانى. وقالوا② الاوّل والاولى والثانى والثانية

---

مائَة (يۈز)، أَلْف (مىڭ) ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ تَثْنِيَەسىنىڭ سانالغۇچىسى جَرّ ۋە مُفْرَد بولىدۇ. مەسىلەن: مائَةُ دِرْهَمٍ، أَلْفُ دِيْنَارٍ.

ئەسلى ساناق ئون ئىككى كَلِمَة: وَاحِدٌ (بىر)، إِثْنَان (ئىككى)، ثَلَاثَةٌ (ئۈچ)، أَرْبَعَةٌ (تۆت)، خَمْسَةٌ (بەش)، سِتَّةٌ (ئالتە)، سَبْعَةٌ (يەتتە)، ثَمَانِيَةٌ (سەككىز)، تِسْعَةٌ (توققۇز)، عَشَرَةٌ (ئون)، مائَةٌ (يۈز)، أَلْفٌ (مىڭ). بارچە ساناق مۇشۇ ئون ئىككى كَلِمَەدىن كۆپىيىدۇ.

① مۇھىم نۇقتا: سانالغۇچى إسمنىڭ جَمْع قِلَّة ۋە جَمْع كَثْرَةتىن ئىبارەت ئىككىلى قىسمى تېپىلسا، ساناق كۆپىنچە جَمْع قِلَّة قىسمىغىلا إِضَافَة قىلىنىدۇ. مەسىلەن: عِنْدِيْ ثَلَاثُ أَنْفُسٍ. ئاز ساندا عِنْدِيْ ثَلَاثُ نُفُوْسٍمۇ كېلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دىمۇ شۇنداق كەلگەنلىك بار: ﴿ بِأَنفُسِهِنَّ ثَلَٰثَةَ قُرُوٓءٍ ﴾. دېمەك، بۇ جَمْع قِلَّة قىسمى، يەنى «أَقْرَاء» بار تۇرۇپمۇ، جَمْع كَثْرَة قىسمىغا إِضَافَة قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەگەر إسمنىڭ جَمْع كَثْرَةتىن باشقا صِيْغَەسى بولمىسا، شۇنىڭغا إِضَافَة قىلىشتىن باشقا يول يوق. مەسىلەن: ثَلَاثَةُ رِجَالٍ.

② ساناقنى دەرىجىلەشتۈرۈشكە توغرا كەلسە، فَاعِل فَاعِلَة ۋەزنىگە ئاساسەن، ئەسلى قائىدىگە ئەمەل قىلىنىدۇ، يەنى مُذَكَّر «تَاء»سىز،



والثالث والثالثة وكذا العاشر والعاشرة فعادوا الى اصل القياس. والحادى عشر والحاديةُ عشرة والثانى عشر والثانية عشرة والثالث عشر والثالثة عشرة الى قولك التاسع عشر والتاسعة عشرة باسقاط التاء فى المذكر واثباتها فى المؤنث على ما هو الاصل. **فصل** من الأسماء المؤنثة① ما لا يظهر فيه علامة التأنيث، كالعين②

---

مُؤَنَّث «تَاء» بىلەن دەرىجىلەشتۈرىلىدۇ. مەسىلەن: اَلْاَوَّلُ (مُذَكَّر) اَلْاُوْلٰي (مُؤَنَّث) ← بىرىنچى، اَلثَّانِيْ (مُذَكَّر) اَلثَّانِيَةُ (مُؤَنَّث) ← ئىككىنچى، اَلثَّالِثُ اَلثَّالِثَةُ ...

① مُؤَنَّث مَعْنَوِيّ توغرىسىدا:

بۇ مُؤَنَّثلىك ئالامەت (تَاء) ئاشكارا بولمايدىغان إسم بولۇپ، بۇ سەككىز نەرسە بىلەن تونۇلىدۇ: 1) ئۇنىڭغا مُؤَنَّث ضَمِيْر كەلتۈرۈش بىلەن. مەسىلەن: اَلْكَتِفُ نَهَشْتُهَا (تاغاق گۆشىنى چىشلەپ يېدىم). 2) ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلىش بىلەن. مەسىلەن: ﴿ هَٰذِهِۦ جَهَنَّمُ ﴾. 3) تَصْغِيْردا «تَاء»نى ئىسپاتلاش بىلەن. مەسىلەن: أَرْضٌدا أُرَيْضَةٌ. 4) فِعْلدا «تَاء»نى ئىسپاتلاش بىلەن. مەسىلەن: جَرَتِ الْعَيْنُ (بۇلاق ئاقتى). 5) حَالدا «تَاء»نى ئىسپاتلاش بىلەن. مەسىلەن: هٰذه الْكَتِفُ مَشْوِيَّةً (بۇ كاۋاپ قىلىنغان ھالەتتىكى تاغاق گۆش). 6 ~ 7) صِفَة ۋە خَبَرگە «تَاء»نى ئىسپاتلاش بىلەن. مەسىلەن: اَلْكَتِفُ الْمَشْوِيَّةُ لَذِيْذَةٌ (كاۋاپ قىلىنغان تاغاق گۆش ناھايىتى تەملىك). 8) «تَاء»نى ساناقتا چۈشۈرۈۋېتىش بىلەن. مەسىلەن: إِشْتَرَيْتُ ثَلَاثَ أَيْدٍ (ئۈچ دانە تۇتقۇچ سېتىۋالدىم).

② تېكىستتىكى مُؤَنَّث مَعْنَوِيّلەرنىڭ مەنىلىرى: اَلْعَيْنُ (كۆز، بۇلاق)، اَلنَّفْسُ (روھ)، اَلْكَبِدُ (جىگەر)، اَلْكَرِشُ (ئۈچەي)، اَلسَّاقُ (پاقالچاق)، اَلْقَدَمُ (پۇت، قەدەم)، اَلْيَدُ (قول)، اَلرِّجْلُ (پۇت)، اَلْكَفُّ (ئالقان)، اَلْفَخِذُ (يوتا)، اَلسِّنُّ (چىش)، اَلْقِدْرُ (قازان)، اَلْقَوْسُ (ئوقيا، كامانچە)، اَلْبَغْلُ (قېچىر)،

والنفس والكبد والكرش والساق والقدم واليد والرجل والكف والفخذ والسن والقدر والقوس والبغل والنار والدار والبئر والفرس والابل والغنم والخيل والبعير والكأس والشمس والريح والسماء والارض والعقرب والارنب واليمين والذراع والكراع والقدوم والعقاب والجزور وموسى الحديد. ومما يجوز تذكيره وتأنيثه①، الهدى والقفا والمتين والعنق والسلّم ودرع الحديد والسوق واللسان والسلطان والصراط والسبيل والطريق والذنوب والسلاح والمنون والقوم والحرب والطاغوت. **فصل** اذا جمعت

---

اَلنَّارُ (ئوت)، اَلدَّارُ (ئۆي، خانه)، اَلْبِئْرُ (قۇدۇق)، اَلْفَرَسُ (بايتال)، اَلْإِبِلُ (چىشى تۆگه)، اَلْغَنَمُ (قوي توپى)، اَلْخَيْلُ (ئات توپى)، اَلْبَعِيْرُ (چىشى تۆگه)، اَلْكَأْسُ (قاچا)، اَلشَّمْسُ (قۇياش، كۈن)، اَلرِّيْحُ (شامال)، اَلسَّمَآءُ (ئاسمان)، اَلْاَرْضُ (زېمىن، يەر)، اَلْعَقْرَبُ (سېرىق ئىشەك)، اَلْاَرْنَبُ (توشقان)، اَلْيَمِيْنُ (ئوڭ قول)، اَلذِّرَاعُ (گەز)، اَلْكُرَاعُ (قوي ـ كالىنىڭ پاچىقى)، اَلْقَدُوْمُ (چوت، كەكە)، اَلْعُقَابُ (بۈركۈت)، اَلْجَزُوْرُ (بوغۇزلانغان تۆگه)، مُوْسَى الْحَدِيْدِ (ئۇستۇرا). بۇ ئوتتۇز ئالتىسى مُؤَنَّث سِمَاعِيّ دەپ ئاتىلىدۇ.

① تۆۋەندىكى ئون سەككىزنى مُذَكَّر ۋە مُؤَنَّث ئىككى خىل قىلىش دۇرۇس: اَلْهُدٰي (توغرا يول)، اَلْقَفَا (بويۇن، گەدەن)، اَلْمَتِيْنُ (قاتتىق يەر)، اَلْعُنُقُ (بويۇن)، اَلسُّلَّمُ (شوتا، پەلەمپەي)، دِرْعُ الْحَدِيْدِ (ساۋۇت، ئۇرۇش كىيىمى)، اَلسُّوْقُ (بازار)، اَللِّسَانُ (تىل)، اَلسُّلْطَانُ (پادىشاھ)، اَلصِّرَاطُ (داغدام يول)، اَلسَّبِيْلُ (يول)، اَلطَّرِيْقُ (يول)، اَلذَّنُوْبُ (ئاتنىڭ قۇيرۇقى)، اَلسَّلَاحُ (قورال ـ ياراغ)، اَلْمَنُوْنُ (كۆپ ئىھسان)، اَلْقَوْمُ (قەۋم)، اَلْحَرْبُ (جەڭ)، اَلطَّاغُوْتُ (شەيتان).



المؤنث② جمع السلامة، فالحق بآخره الفا وتاء، كقولك مسلمات وصالحات. وهذه التاءُ مرفوعة فى حال الرفع ومجرورة فى حال النصب والجر، تقول جاءنى مسلمات ورأيت مسلمات ومررت بمسلمات②. **فصل** اذا كانت فَعْلة إسما غير صفة حرّكت عينُها فى

---

① مُؤَنَّث إسمنى جَمْع سَلَامَة بويىچە كۆپلۈككە ئايلاندۇرۇش توغرىسىدا:

مُؤَنَّث إسمنىڭ ئەسلى ھالىتىنى بۇزماي تۇرۇپ جَمْع قىلماقچى بولسا، ئاخىرىغا «اَلِف تَاء» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: مُسْلِمَاتٌ.

بۇ «تَاء» رَفْعلىك ھالەتتە رَفْع، نَصْب ۋە جَرّلىك ھالەتتە جَرّ ئوقۇلىدۇ. بۇ جَمْع مُؤَنَّث سَالِم دەپ ئاتىلىدۇ. مىسالنى تېكىستتىن كۆرۈۋېلىڭ.

سوئال: جَمْع مُؤَنَّث سَالِمدىكى ھەرىكەتلىك «تَاء» نەدىن كەلگەن؟

جاۋاب: جَمْع مُذَكَّر سَالِمغا باراۋەر تۇرۇش ئۈچۈن وَاحِدَة ھالىتىدىكى ھەرىكەتتىن كەلگەن، يەنى مُسْلِمَاتٌدىكى ھەرىكەتلىك «تَاء» مُسْلِمَةٌدىكى «ة»دىن ئىبارەت.

② مۇھىم نۇقتا: 1) مُؤَنَّثنى «اَلِف تَاء» بىلەن جَمْع قىلىشنىڭ شەرتى، ئۇنىڭ سۈپەت بولۇشىدۇر. يەنى، «وَاو نون» بىلەن جَمْع قىلىنىدىغان مُذَكَّرنى جَمْع قىلىشنىڭ شەرتىگە ئوخشاش. مەسىلەن: مُسْلِمَاتٌ. بۇنىڭ مُذَكَّر سۈپىتى مُسْلِمُوْنَدۇر. ئەگەر مُؤَنَّث سۈپەت بولماي إسم بولسا، شەرتسىز «اَلِف تَاء» بىلەن جَمْع قىلىنىدۇ. مەسىلەن: هِنْدٌ ← هِنْدَاتٌ. 2) جَمْع مُؤَنَّث سَالِمدا ئىشلىتىلىدىغان «اَلِف تَاء» زىيادە ھەرپتىن بولۇشى لازىم. يەنى، قُضَاةٌ، هُدَاةٌ، رُمَاةٌ، أَبْيَاتٌ، أَمْوَاتٌ، أَصْوَاتٌ، أَثْبَاتٌ ۋە أَحْوَاتٌلاردەكلەرنىڭ «اَلِف تَاء»سىدەك بولماسلىقى لازىم. چۈنكى، بۇلاردىكى «اَلِف تَاء» ئەسلىدە بار ھەرپلەردۇر. قىسقا قىلىپ ئېيتقاندا، جَمْع مُؤَنَّث سَالِمدىكى «اَلِف تَاء» جَمْعگە دالالەت قىلغۇچىدۇر، هِنْدَاتٌغا ئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



الجمع بالالف والتاء، كقولك تمرة وتمرات وركعة وركعات①. واذا كانت صفةً② كضخمة وعيلة، تركت العينُ ساكنة، كقولك عيلات وضخمات. وكذلك اذا كانت العين حرفا معتلا كبيضة وجوزة، تقول بيضات وجوزات. لا فرق بين الإسم كبيضة، وبين الصفة كعيلة. **فصل** كل جمع مكسّر③ يجوز تذكيره وتأنيثه، سواء

---

ئاگاھ بولۇڭكى، قُضَاةٌ، هُدَاةٌ، رُمَاةٌ، أَبْيَاتٌ، أَمْوَاتٌ، أَصْوَاتٌ، أَثْبَاتٌ ۋە أَحْوَاتٌلاردا جَمْعگە دالالەت قىلىش «اَلِف تَاء» بىلەن ئەمەس، بەلكى صيغة بىلەندۇر.

① فعلة توغرىسىدا:
فَعْلَةٌ ۋەزنىدىكى إسمنى «اَلِف تَاء» بىلەن جَمْع قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇنىڭ عَيْنِى، يەنى ئىككىنچى ھەرپى ھەرىكەتلىك قىلىنىدۇ. مەسىلەن: تَمْرَةٌ ← تَمَرَاتٌ (خورما قېقى)، رَكْعَةٌ ← رَكَعَاتٌ (نامازنىڭ رەكئىتى).

② ئەگەر فَعْلَةٌ ۋەزنىدىكى صفَة «اَلِف تَاء» بىلەن جَمْع قىلىنسا، ئۇنىڭ عَيْنِى سۇكۇن ھالىتىدە قالدۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: ضَخْمَةٌ (جۇغى چوڭ) ۋە عَيْلَةٌ (نامرات) ← ضَخْمَاتٌ ۋە عَيْلَاتٌ دېيىلىدۇ.
عَيْنِى حَرْف عِلَّةلىك إسم بولسىمۇ (بَيْضَةٌ ‹تۇخۇم›، جَوْزَةٌ ‹ياڭاق›قا ئوخشاش)، ئۇنى «اَلِف تَاء» بىلەن جَمْع قىلغاندا عَيْنِى سۇكۇن ھالىتىدە قالدۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: بَيْضَاتٌ، جَوْزَاتٌ.
دېمەك، إسم بولسۇن ياكى صِفَة بولسۇن، عَيْنِى حَرْف عِلَّة بولسىلا، «اَلِف تَاء» بىلەن جَمْع قىلغاندا عَيْنِى سۇكۇن پېتى تۇرىدۇ.

③ جَمْع مُكَسَّرنىڭ يەنە بىر ھالىتى توغرىسىدا:
جَمْع مُكَسَّر إسم ـــ فِعْلنىڭ فاعلى بولسا فِعْلنىڭ ئىككى خىل ھالەتتە كېلىشى دۇرۇس. مەسىلەن: جَاءَ الرِّجَالُ وَجَاءَ النِّسَاءُ؛ جَاءَتِ الرِّجَالُ وَجَاءَتِ النِّسَاءُ.



كان جمعا مذكرا او جمعا مؤنثا، اذا كان الفعل مقدَّما عليه، تقول جاء الرجال وجاء النساء وجاءت الرجال وجاءت النساء. **فصل** اذا ذكرتَ إسمين مرفوعين①. فالاول منهما معرفة والثانى نكرة، والنكرة حديث عن المعرفة، كقولك زيد ذاهب وعمرٌو خارج، يسمى الاول مبتدأ والثانى خبرا②. **فصل** الصفة مثل الموصوف③ فى

---

① مُبْتَدَأ ۋە خَبَر توغرىسىدا:
رَفْع ئوقۇلغان ئىككى إسمنى تىلغا ئالغاندا بىرىنچى إسم ـــ مَعْرِفَة، ئىككىنچى إسم ـــ نَكِرَة بولۇشى ئەسلىدۇر. مەسىلەن: زَيْدٌ ذَاهِبٌ (زَيْد كەتكۈچى). بۇ إسملارنىڭ بىرىنچىسى مُبْتَدَأ، ئىككىنچىسى خَبَر دەپ ئاتىلىدۇ. مىسالدىكى زَيْدٌ ـــ مُبْتَدَأ، ذَاهِبٌ ـــ خَبَردۇر.

② مۇھىم نۇقتا: 1) مُبْتَدَأنىڭ ئەسلى ئورنى خَبَردىن ئىلگىرى كېلىش، خَبَرنىڭ ئەسلى ئورنى مُبْتَدَأدىن كېيىن كېلىشتۇر، مەزكۇر مىسالدەك. 2) مُبْتَدَأنىڭ سۈپەت بولماسلىقى ئەسلىدۇر، زَيْدٌغا ئوخشاش. 3) مُبْتَدَأ ۋە خَبَرنىڭ عَامِلى مَعْنَوِيّدۇر (مَعْنَوِيّ عَامِل ـــ اَلْإِبْتِدَاء). 4) خَبَر ئىككى خىل كېلىدۇ: مُفْرَد ۋە جُمْلَة.
مُفْرَد بولغىنى زَيْدٌ ذَاهِبٌدىكى «ذَاهِبٌ»غا ئوخشاش، جُمْلَة بولغىنى زَيْدٌ قَامَ أَبُوْهُدىكى «قَامَ أَبُوْهُ»غا ئوخشاش.
خَبَر ـــ جُمْلَة بولغاندا، جُمْلَەدە مُبْتَدَأغا باغلىنىپ تۇرىدىغان بىر ضَمِيْر بولۇشى لازىم. چۈنكى جُمْلَة ھەر جەھەتتىن كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇ مُبْتَدَأنى تاشلىۋېتىدۇ. شۇ سەۋەبلىك مُبْتَدَأنى ئۇنىڭغا باغلاپ قويۇش لازىم.

③ مَوْصُوْف ۋە صِفَة توغرىسىدا:
بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان بۇ ئىككىسى، سۆز-ئىبارىلەردە كۆپ قوللىنىلىدۇ. شۇڭا، بۇلارنى تونۇش ناھايىتى مۇھىم.

التذكير والتأنيث والإفراد والتثنية والجمع والتعريف والتنكير والإعراب الثلث، تقول جاءنى رجل صالح ورجلان صالحان ورجال صالحون وجاءتنى إمرأة صالحة وامرأتان صالحتان ونســاء

---

صِفَة (سۈپەتلىگۈچى) مَوْصُوْف (سۈپەتلەنگۈچى)قا ئون ئىشتا ئەگىششى زۆرۈر.

بۇ ئون ئىش: مُذَكَّر بولۇش، مُؤَنَّث بولۇش، مُفْرَد بولۇش، تَثْنِيَة بولۇش، جَمْع بولۇش، مَعْرِفَة بولۇش، نَكِرَة بولۇش ۋە ئۈچ إِعْرَاب (رَفْع، نَصْب ۋە جَرّ).

دېمەك، مَوْصُوْف قايسى ھالەتتە كەلسە، صِفَةمۇ شۇ ھالەتتە كېلىشى لازىم. مىسالنى تېكىستتىن كۆرۈۋېلىڭ.

سۈپەت ئىككى خىل: بىرى سۈپەتلەنگۈچىنىڭ ئۆزىنىلا سۈپەتلەيدۇ. مەسىلەن: جَاءَنِيْ رَجُلٌ عَالِمٌ. مانا بۇنىڭدا «عَالِمٌ» ـــ «رَجُلٌ»نىلا سۈپەتلىدى. يەنە بىرى، سۈپەتلەنگۈچىگە تەۋە نەرسىنى سۈپەتلەيدۇ. مەسىلەن: ﴿مِنْ هَـٰذِهِ ٱلْقَرْيَةِ ٱلظَّالِمِ أَهْلُهَا﴾. مانا بۇنىڭدا ﴿ٱلْقَرْيَةِ﴾ سۈپەتلەنگۈچىدۇر. ﴿ٱلظَّالِمِ﴾ سۈپەتلەنگۈچىگە تەۋە نەرسە، يەنى ﴿أَهْلُهَا﴾نى سۈپەتلىدى.

بىرىنچى خىلدا سۈپەتلىگۈچى سۈپەتلەنگۈچىگە مەزكۇر ئون ئىشتا ئەگىششى، بۇ ئون ئىشنىڭ تۆتى بىراقلا تېپىلىشى زۆرۈر. يەنى، مُذَكَّر ۋە مُؤَنَّث، مُفْرَد، تَثْنِيَة ۋە جَمْع، مَعْرِفَة ۋە نَكِـرَة، ئۈچ إِعْـرَاب قاتارلىقلار. مەسىلەن: جَاءَنِيْ رَجُلٌ عَالِمٌدىكى «عَالِمٌ» «رَجُلٌ»غا مُذَكَّرلىكتە، مُفْرَدلىكتە، نَكِرَةلىكتە ۋە پېش إِعْرَابتا ئەگەشتى.

ئىككىنچى خىلدا، ئۈچ إِعْرَاب، مَعْرِفَة ۋە نَكِرَة، يەنى بەشتىن ئىككىسى بىراقلا تېپىلىشى زۆرۈردۇر. مەسىلەن: ﴿مِنْ هَـٰذِهِ ٱلْقَرْيَةِ ٱلظَّالِمِ أَهْلُهَا﴾دىكى ﴿ٱلظَّالِمِ﴾ ﴿ٱلْقَرْيَةِ﴾غا زىر إِعْـرَاب ۋە مَعْرِفَـەدىن ئىبارەت ئىككىسىدە ئەگەشتى.



صالحات والرجل الصالح والإمرأة الصالحة وجاءنى رجل صــالح ورأيت رجلا صالحا ومررت برجل صالح. وتقول يا ابن زيد الكريم، ان جعلت الكريمَ صفةً لابنٍ نصبته، وان جعلته صفة لزيد جررته. وكذلك هذا ابو عبد اللهِ الكريم، ترفعه لانك جعلته صفة للاب، لا لعبد الله، وعلى هذا القياس ابدا. فيجب ان يجرى على وجوه إعراب الإسم الذى جعلتَه صفةً له①. **فصل** إذا كان في اٰخر الإسم الف مقصورة②، كحبلى وبشرى والعصى والرحى، يسمى مقصورا. وإن كان بعد الالف همزة كصحراء وحمراء يسمى ممدودا. **فصل** الإسم العَلَم③ وهو الذي لا يدخله

---

① مۇھىم نۇقتا: سۈپەتلەشنىڭ پايدىسى: 1) موصوف، صفة ئىككىلىسى نكرة بولسا، سۈپەتلەنگۈچىنى خاسلاشتۇرۇپ، مَعْرِفَةگە يېقىنلاشتۇرىدۇ. مەسىلەن: جَاءَنِيْ رَجُلٌ عَالِمٌ. 2) ئىككىلىسى مَعْرِفَة بولسا، سۈپەتلەنگۈچىنى ئىزاھلايدۇ. مەسىلەن: جَاءَنِيْ زَيْدُنِ الْفَاضِلُ. 3) مەدھىيىلەش. مەسىلەن: ﴿بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَـٰنِ ٱلرَّحِيمِ﴾. 4) ئەيىبلەش. مەسىلەن: أَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ. 5) تَأْكِيْدلەش. مەسىلەن: نَفْخَةٌ وَاحِدَةٌ.

② **أَلِف مَقْصُوْرَة ۋە أَلِف مَمْدُوْدَةلىك إسم توغرىسىدا:**

إسمنىڭ ئاخىردا قىسقا أَلِف بولسا (مەسىلەن: بُشْرٰي ‹بىشارەت›) مَقْصُوْر، ئەگەر أَلِفتىن كېيىن ھەمزە (ء) بولسا (مەسىلەن: صَحْرَاءَ ‹چۆل ـ باياۋان›) مَمْدُوْد دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاگاھ بولۇڭكى، يېزىقتىكى «يَاء» ھەرىپى ماھىيەتتە أَلِفتۇر.

③ **إسم عَلَم (خاس إسم) توغرىسىدا:**

إسم عَلَم «الف لام»نى قوبۇل قىلمايدىغان خاس إسمدۇر. مەسىلەن: زَيْدٌ، هِنْدٌ، عُمَرُ، أَحْمَدُ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



**الالف واللام①، كزيد وعمرٍو وهند ورعد واكثرِ أسماء الرجال**

---

دېمەك، بۇ خىلدىكىلەر ئۆزى خاس إسم بولغانىكەن، ئۇنىڭغا «الـف لام»نىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. بۇ بولسا مُفْرَد ھالەتكە قارىتىلغان قائىدىدۇر.

ئەگەر مۇشۇنداق خاس إسمنى تَثْنِيَة ۋە جَمْع سَلَامَة تەرىقىدا جَمْع قىلىش توغرا كەلسە، مَعْرِفَەلەر ئىچىدىن ئايرىۋېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «الف لام» داخىل قىلىش دۇرۇس. مىسالنى تېكىستتىن كۆرۈۋېلىڭ.

① مۇھىم نۇقتا: عَلَم ئۈچكە بۆلىنىدۇ: إِسْم، كُنْيَة (يۆتكەلگەن مەشھۇر ئىسىم) ۋە لَقَب (تەخەللۇس، لەقەم).

ئەگەر عَلَم — كُنْيَة ۋە لَقَب بولمىسا، خاس إسم دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: زَيْدٌ، عَمْرٌو.

ئەگەر عَلَمنىڭ ئەۋۋىلىگە أَب، أُمّ، إِبْن ۋە بِنْتلارنىڭ بىرەرى قوشۇلسا، كُنْيَة دەپ ئاتىلىدۇ، مەسىلەن: أَبُوْ بَكْرٍ، أُمُّ كُلْثُوْمٍ، إِبْنُ عَبَّاسٍ، بِنْتُ الْحَارِثِ.

ئەگەر عَلَم مەدھىيىنى ياكى ئەيىبلەشنى بىلدۈرسە، لَقَب دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: زَيْنُ الْعَابِدِيْنَ (مەدھىيە)، أَنْفُ النَّاقَةِ (ئەيىبلەش).

دىققەت: لَقَب — إسم بىلەن بىرلىشىپ كەلسە، لَقَبنى كېيىن كەلتۈرۈش زۆرۈر. مەسىلەن: هَارُوْنُ الرَّشِيْد دېيىش دۇرۇس، الرَّشِيْدُ هَارُوْنُ دېيىش دۇرۇس ئەمەس.

لَقَب — كُنْيَة بىلەن بىرلىشىپ كەلسە، ئىختىيارلىق ئۆزىڭىزدە. مەسىلەن: أَبُوْ بَكْرٍ زَيْنُ الْعَابِدِيْنَ، زَيْنُ الْعَابِدِيْنَ أَبُوْ بَكْرٍ — ئىككىلى خىل ھالەت دۇرۇس.

ئاگاھ بولۇڭكى، عَلَم ئىلگىرى إِسْتِعْمَالدا ئۆتۈش-ئۆتمەسلىكىگە ئاساسەن ئىككىگە بۆلىنىدۇ: عَلَم مَنْقُوْل (يۆتكەلگەن عَلَم) ۋە عَلَم مُرْتَجَل (تۇغما عَلَم).

عَلَملىكتىن بۇرۇن بىرەر إِسْتِعْمَالدا ئۆتكەن بولسا، ئۇنى عَلَم مَنْقُوْل دەيدۇ. يۆتكىلىش: 1) سۈپەتتىن بولىدۇ. مەسىلەن: حَارِث (ئەسلى



**والنساء، فإنه إذا ثنّي او جمع جمع السلامة دخله الالف واللام عند التعريف، كقولك الزيدان والزيدون والهندان والهندات. فصل إذا نسبت الإسم إلى شيء① زدت في اٰخره ياء مشدّدة مكسورا ما قبلها، كقولك بالنسبة الى البلد بلدي والى المصر مصري. ويجب ان تسقط تاء التأنيث عن مثل البصرة والكوفة اذا نسبت اليهما،**

---

مەنىسى دېھقان، ھازىر كىشى إسمدۇر). 2) مَصْدَردىن بولىدۇ. مەسىلەن: فَضْل (ئەسلى مەنىسى پەزىلەتلىك بولماق، ھازىر كىشى إسمدۇر). 3) إسم جِنْستىن بولىدۇ. مەسىلەن: أَسَد (ئەسلى مەنىسى شىر، ھازىر كىشى إسمدۇر). 4) جُمْلَەدىن بولىدۇ. مەسىلەن: تَأَبَّطَ شَرًّا (ئەسلى مەنىسى ئۇ يامانلىقنى قولتۇقلىدى، ھازىر كىشى إسمدۇر).

عَلَملىكتىن باشقا بىرەر إِسْتِعْمَال ئۆتمىگەن بولسا، ئۇنى عَلَم مُرْتَجَل دەيدۇ. مەسىلەن: سُعَادُ.

عَلَم بەزىدە إِضَافَەلىكمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: إِمْرَأُ الْقَيْسِ. بەزىدە تَرْكِيْب مَزْجِيّ تەرىقىدىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن: بَعْلَبَكّ، مَعْدِيْكَرَبَ (بۇلاردا ئىككى سۆز بىرلىشىپ بىر سۆزگە ئايلىنىپ كەتكەن).

① نىسبەت توغرىسىدا:

بىر شەيئىنى بىرەر شەھەر ياكى بىرەر قەبىلىگە نىسبەت بېرىشكە توغرا كەلسە، ئۇنىڭ ئاخىرىغا ئالدى تەرەپ كَسْر ئوقۇلغۇچى تەشدىدلىك «يَاء» كەلتۈرۈش لازىم. مەسىلەن: دِمَشِق (دىمەشىق) ← دِمَشْقِيٌّ (دىمەشىقلىق).

مُؤَنَّثنىڭ «تَاء»سى بار إسمغا نىسبەت يَاءسى ئەكېلىشكە توغرا كەلسە، «تَاء»نى حَذْف قىلىۋېتىش زۆرۈر. مەسىلەن: مَكَّةُ (مەككە) ← مَكِّيٌّ (مەككىلىك).

نىسبەت يَاءسىنىڭ پايدىسى سۈپەتنىڭ پايدىسىغا ئوخشايدۇ.

**فتقول بصري وكوفي. فصل لا يجوز النسبة الى الجمع①، فلا يقال فرائضي ولا صحائفي، وانما ينسب الى الواحد، فيقال فرضي وصحفي. فصل اذا صغرت② الإسم فانظر، فإن كان على ثلاثة احرف كفلس، فقل فليس على وزن فعيل. وان كان على اربعة**

---

① نسبەتنىڭ يەنە بىر تۈرى توغرىسىدا:

عَلَملىكى يوق جَمْع إسمىغا نىسبەت يَاءسى ئەكېلىش توغرا كەلسە، ئۇنى وَاحِدىغا قايتۇرۇپ نىسبەت يَاءسى ئەكېلىش لازىم. مەسىلەن: فَرَائِض ــــ فَرَضِيٌّ. ئەگەر جَمْع لەۋزى عَلَمنىڭ ئورنىدا جارى بولىدىغان إسمىدىن بولسا، ئۆز تۇرقىغىلا نىسبەت يَاءسى ئەكېلىش لازىم. مەسىلەن: أَنْصَارٌ ــــ أَنْصَارِيٌّ.

ئەسلىدىن عَلَم بولسىمۇ شۇ قائىدە جارى بولىدۇ. مەسىلەن: أَنْمَارٌ ــــ أَنْمَارِيٌّ.

بىلىۋېلىڭكى، إسم ــــ فَاعِلٌ، فَعَّالٌ، فَعِلٌ (بكسر العين) ۋەزنىسىدە ياسالسا، نىسبەت يَاءسىغا هاجەت يوق. دېمەك، شۇ ۋەزنىنىڭ ئۆزىلا نىسبەت رولىغا ئىگە. مەسىلەن: تَامِرٌ أَيْ ذُوْ تَمْرٍ (خورمىچى، خورما ساتقۇچى)، لَابِنٌ أَيْ ذُوْ لَبَنٍ (سۈتچى، سۈت ساتقۇچى)؛ بَقَّالٌ أَيْ ذُوْ بَقْلٍ (باققال، سەي ساتقۇچى)، ﴿بِظَلَّـٰمٍ لِّلْعَبِيدِ﴾ أي بِذِيْ ظُلْمٍ؛ رَجُلٌ طَعِمٌ أَيْ ذُوْ طَعَامٍ (ئاشپەزلىك قىلغۇچى)، رَجُلٌ نَهِرٌ أَيْ ذُوْ نَهَارٍ (كۈندۈزدە ئىشلىگۈچى).

② تصْغِيْر توغرىسىدا:

إسمنى كىچىكلەتمەكچى بولسا، ئۇنىڭ هەرپ سانىغا قاراپ كىچىكلىتىلىدۇ. يەنى، ئۈچ هەرپلىك بولسا فُعَيْل، تۆت هەرپلىك بولسا فُعَيْعِل، بەش هەرپلىك بولسا فُعَيْعِيْل ۋەزنىسىدە. دېمەك، تَصْغِيْرنىڭ ۋەزنىسى ئۈچتۇر: فُعَيْل، فُعَيْعِل، فُعَيْعِيْل.



**احرف كدرهم، فقل دريهم على وزن فعيعل. وان كان على خمسة احرف كدينار، فقل دنينير على وزن فعيعيل①. فصل اذا اردت تصغير الجمع② فارجع الى واحده، فصغره ثم اجمعه بالالف والتاء، فقل في تصغير مساجد ودراهم مسيجدات ودريهمات، إلا في جمع**

---

① تَصْغِيْرنىڭ پايدىسى ۋە شەرتلىرى:

تَصْغِيْرنىڭ پايدىسى تۆت: 1) شەيئىنىڭ زاتىنى كىچىك كۆرسىتىش. مەسىلەن: جَبَل ــــ جُبَيْل. 2) شەيئىنىڭ هالىنى هەقىر ساناش. مەسىلەن: رَجُل ــــ رُجَيْل. 3) شەيئىنىڭ كۆپلىكىنى ئاز ساناش. مەسىلەن: دِرْهَمنىڭ كۆپلىكى (دَرَاهِم)نى كىچىكلىتىشتە دُرَيْهِمَات. 4) يىراق دەپ گۇمان قىلىنغان نەرسىنى يېقىن كۆرسىتىش (زاماندا بولسۇن، ماكاندا بولسۇن، ياكى مەرتىبىدە بولسۇن). مەسىلەن: قَبْلَ الْعَصْرِ ــــ قُبَيْلَ الْعَصْرِ (زامان)، فَوْقَ الدَّارِ ــــ فُوَيْقَ الدَّارِ (ماكان)، أَصْغَرُ ــــ أُصَيْغِرُ مِنْكَ.

تَصْغِيْرنىڭ شەرتىمۇ تۆت: 1) إِسْم بولۇش (فِعْل ۋە حَرْف تَصْغِيْر قىلىنمايدۇ). 2) حَرْفكە ئوخشاپ كەتكەن مەشهۇر إسم بولماسلىق (ضَمِيْر ۋە حَرْفلەر تَصْغِيْر قىلىنمايدۇ). 3) تَصْغِيْرنى قوبۇل قىلىدىغان إسم بولۇش (كَبِيْر، جَسِيْم، الله تعالىنىڭ، پەيغەمبەرنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ إسملىرى، جَمْع كَثْرَة، كُلّ، بَعْض، ئايلارنىڭ إسملىرى ۋە هەپتىلەرنىڭ إسملىرى تَصْغِيْر قىلىنمايدۇ). 4) تَصْغِيْر صِيْغَةلىرىدىن خالىي بولۇش (كُمَيْت دەك إسم بولماسلىق).

② كۆپلۈك إسمنى تصْغِيْر قىلىش توغرىسىدا:

كۆپلۈك إسمنى تَصْغِيْر قىلىش توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن ئۇنى وَاحِدىغا قايتۇرۇپ تَصْغِيْر قىلىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى «أَلِف تَاء» بىلەن جَمْع قىلىش لازىم. ئەمما، جَمْع قِلَّة ئۆز هالىتىدە تَصْغِيْر قىلىنىدۇ. مىسالنى تېكستتىن كۆرۈۋېلىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



القلة، فإنه يصغّر كتصغير الواحد، كقولك في تصغير افلس واجمال والسنة وغلمة افيلس واجيمال واليسنة وغليمة. **فصل** كل إسم غير منوّن إذا وقفت[1] عليه وجب إسكان اٰخره، كقولك جاءني احمد والرجل ورأيت احمد والرجل ومررت باحمد والرجل. وان كان منوّنا[2] اسقطت التنوين والحركة في حالتي الرفع والجر دون النصب، وابدلت من التنوين الفا في حال النصب، فقلت هذا زيد ورأيت زيدا ومررت بزيد. **فصل** الأسماء التي في أوائلها الفُ وصلٍ[3] عشرةٌ، إسم واست وابن

---

[1] وَقف قىلىش توغرىسىدا:
كَلِمَەنىڭ ئاخىردا تەلەپپۇزنى ئۈزۈش ـــ وَقْف دېيىلىدۇ.
تەنۋىن ئوقۇشقا بولمايدىغان إسىمدا وَقْف قىلىش توغرا كەلسە، ئۇنىڭ ئاخىرنى ساكىن قىلىش زۆرۈر. مەسىلەن: جَاءَ أَحْمَدْ وَالرَّجُلْ وَرَأَيْتُ أَحْمَدْ وَالرَّجُلْ وَمَرَرْتُ بِأَحْمَدْ وَالرَّجُلْ.

[2] ئەگەر تەنۋىن ئوقۇشقا بولىدىغان إسىمدا وَقْف قىلىشقا توغرا كەلسە، رَفْع ۋە جَرّلىك ھالەتتە، تەنۋىننى تاشلاپ، ئاخىرنى ساكىن ئوقۇيمىز. ئەمما، نَصْب ئوقۇلغان بولسا، نَصْب ھالىتىدىكى تەنۋىن أَلِفقا ئالماشتۇرىلىدۇ. مەسىلەن: هٰذَا زَيْدْ وَمَرَرْتُ بِزَيْدْ وَرَأَيْتُ زَيْدَا.
وَقْفنىڭ پايدىسى راھەت ئېلىش بولۇپ، كالامدا مەقسەتنى، شېئىردا نەزمنى، نەسىردە سەجئىنى تاماملاش ئۈچۈن كېلىدۇ.
ئاگاھ بولۇڭكى، ھەر قانداق يەردە ھەرىكەتلىك وَقْف قىلىشقا بولمايدۇ.

[3] هَمْزَة وَصْل (ئۇلاش ھەمزىسى)نى زىيادە قىلىش توغرىسىدا:
ھەرىكەتلىك وَقْف قىلغىلى بولمىغاندەك، كَلِمَەنى ساكىن بىلەن باشلىغىلى بولمايدۇ. ئەگەر كَلِمَەنىڭ ئەۋۋىلى ساكىن بولسا، تەلەپپۇز



وابنة وإبنم واثنان واثنتان وإمرء وإمرأة وايم الله[1]. **فصل** تضيف العددَ من الثلاثة الى العشرة الى الجمع، والمائةَ وما فوقها

---

قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىغا ھەرىكەتلىك هَمْزَة كەلتۈرۈش زۆرۈر. بۇ هَمْزَة وَصْل (ئۇلاش ھەمزىسى) دەپ ئاتىلىدۇ.
هَمْزَة وَصْل سۆز بېشىدا ئىسپاتلىنىدۇ. ئوتتۇرىدا چۈشۈپ كېتىدۇ. مەسىلەن: إِسْتَقِيْمُوْا وَاسْتَقِيْمُوْا.
هَمْزَة وَصْل ئون خىل إسىمغا ئۇلىنىدۇ. بۇنىڭ مىسالىنى تېكىستتىن كۆرۈۋېلىڭ.
دىققەت: «هَمْزَة وَصْل» إسىمغىلا ئۇلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۇنى تۆت ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ھەرپلىك فِعْل، بۇنىڭ أَمْر ۋە مَصْدَرلىرىگە، ئۈچ ھەرپلىك فِعْلنىڭ أَمْرلىرىگە ئۇلاش زۆرۈر. مەسىلەن: إِنْطَلَقَ، إِنْطِلَاق، إِسْتَخْرَجَ، إِسْتِخْرَاج، إِضْرِبْ، إِخْشَ، إِمْضِ، أُنْفُذْ.
ئاگاھ بولۇڭكى، إِفْعَال بابىنىڭ ھەمزىسى ۋە مُضَارِع مُتَكَلِّمنىڭ ھەمزىسى «هَمْزَة قَطْع» (ئۈزۈك ھەمزە)لا بولىدۇ. مەسىلەن: أَكْرَمَ يُكْرِمُ إِكْرَامًا، أَضْرِبُ، أَثِبُ، أَفِرُّ.
وَأَكْرَمَ وَإِكْرَامًا، وَأَضْرِبُ (بوصل الهمزة) دېيىش دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى، بۇ إِفْعَال بابىدۇر. كېيىنكىسى مُضَارِع مُتَكَلِّمدۇر.

[1] قىزىل نۇقتا: ھەرپ ئىككى خىل بولىدۇ: ئەسلى ھەرپ ۋە ئارتۇق ھەرپ.
مەلۇم كَلِمَەگە بىرەر ھەرپنى زىيادە قىلماقچى بولسىڭىز ئون حُرُوْف زَوَائِدتىن بىرىنى قىستۇرىشىڭىز لازىم.
سىز يەنە عِلْم صَرْف ۋە عِلْم نَحْوگە تېخىمۇ ماھىرلىشاي دېسىڭىز، ئۆلىمالارنىڭ ھەرخىل لەۋزىدە كۆرسەتكەن ئون «حُرُوْف زَوَائِد»نى ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ. ئۇلار: «سَأَلْتُمُوْنِيْهَا»، «أَلْيَوْمَ تَنْسَاهُ»، «هُمْ يَتَسَاءَلُوْنَ»،

الى واحد①، فتقول ثلاثة اثواب وعشرة رجال وعشر نسوة ومائة رجل وثلاث مائة ثوب والف درهم. وتنصب المعدود مفردا منكّرا في غير ذلك، كقولك احد عشر درهما وعشرون ثوبا وتسعون دينارا. ﷺ الكتابة بعون الله وكرمه.

---

«اَلسِّمَانَ هَوِيْتُ»، «يَا اَوْسُ هَلْ نِمْتِ»، «لَمْ يَأْتِنَا سَهْوٌ»، «مَا سَأَلْتُ يَهُوْنُ».
كۆڭۈلۈمگە تېخىمۇ ئارامبەخش ئېتىدىغىنىنى كۆرەي دېسىڭىز، بۇ نەزمىگە قاراڭ:

هَنَاءٌ وَتَسْلِيْمٌ ؛ تَلَا يَوْمَ أُنْسِهِ ؛ * نِهَايَةُ مَسْؤُوْلٍ ؛ أَمَانٌ وَتَسْهِيْلُ

① ساناق توغرىسىدا:
ساناقنى ئۈچتىن ئونغىچە جَمْعگە، يۈز ۋە ئۇنىڭ يۇقىرىنى وَاحِدقا إِضَافَة قىلىش لازىم. مەسىلەن: ثَلَاثَةُ أَقْلَامٍ، عَشَرَةُ رِجَالٍ ؛ مِائَةُ دِرْهَمٍ، أَرْبَعَةُ مِائَةِ كِتَابٍ، أَلْفُ دِيْنَارٍ.
مەزكۇر ساناقنىڭ باشقىسىنىڭ سانالغۇچى تَمْيِيْزِي مُفْرَد ھەم نَكِرَة بولۇپ، نَصْب ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: أَحَدَ عَشَرَ رِيَالًا، عِشْرُوْنَ ثَوْبًا، أَحَدٌ وَتِسْعُوْنَ دِرْهَمًا.



بۇ كىتابنىڭ بېسىش ھوقۇقى چەكلەنمەيدۇ. بېسىش ۋە تارقىتىش شارائىتى بار كىشىلەرنىڭ كىتابنىڭ مەزمۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا بېسىشى ۋە تارقىتىشىغا رۇخسەتتۇر.